# يۇسۇپ-زۇلىخا

قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ناسىرىددىن بۇرھانىددىن ئوغلى رەبغۇزى

# يۇسۇپ - زۇلەيخا

(قىسسەئى رەبغۇزىنىڭ 16 - بابى)

نەشرگە تەييارلىغۇچى: نىمەتۇللا ئەبەيدۇللا
مەسئۇل مۇھەررىرلىرى: ئابدۇقادىر ھېيت
توختى ئابىخان

قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى

«قەسەسۇل ئەنبىيا» (قىسسەئى رەبغۇزى)نىڭ مىلادى 1699 - يىلى (ھىجرىيە 1109 - يىلى) كۆچۈرۈلگەن قول يازما نۇسخىسىغا ئاساسەن ئىشلەندى.

نەشرگە تەييارلىغۇچىدىن.

# يۇسۇپ - زۇلەيخا

قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى نەشر قىلدى
شىنجاڭ شىنخۇا كىتاپخانىسى تارقاتتى
«شىنجاڭ گېزىتى» باسما زاۋۇدىدا بېسىلدى
1982 - يىل 1 - ئاي 1 - نەشرى
1982 - يىل 10 - ئاي 1 - بېسىلىشى
ئۆلچىمى: 1092 × 787 مم. 32 كەسلەم. 5·5 باسماتاۋاق
سانى: 1 —— 35.000
كىتاپ نومۇرى: 10264·8 M
باھاسى: 0·35 يۈەن

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# يۇسۇپ - زۇلەيخا

بۇ قىسسە ـ راست سۆزلىگۈچى يۇسۇپ ئەلەيھىسسالامنىڭ ۋاقەلىرىدۇر، بۇ قىسسە ـ بارلىق قىسسەلەرنىڭ ياخشىراغىدۇر.

بۇ قىسسىنى بارلىق قىسسەلەرنىڭ ياخشىراغى دېيىشنىڭ سەۋدۇى نىمە؟

1. بۇ، باشتىن ـ ئاخىر يۇسۇپ ئەلەيھىسسالامنىڭ قىسسىسىدۇر، شۇنىڭ ئۈچۈن قىسسەلەرنىڭ ياخشىراغى دەپ ئاتالغاندۇر. 2. بۇ، بارلىق قىسسەلەرنىڭ مەشھۇرراغىدۇر. 3. باشقا قىسسەلەرنىڭ ھەر بىر ئايىتى باشقا ـ باشقا سۈرىلەردە كەلگەن بولسىمۇ، بۇ قىسسە باشتىن ـ ئاخىر بىر سۈرىدە كەلدى. 4. باشقا قىسسەلەر يات كىشىلەر ئارىسىدا يۈز بەرگەن بولسا، بۇ قىسسىدىكى ۋەقەلەر ئاتا بىلەن ئوغۇل، ئاكا بىلەن ئۇكا ئوتتۇرىسىدا يۈز بەرگەن. 5. بۇ قىسسىدە 3 ھالەت بار: بىرىنچىسى، ھەق سۇبھانى ۋەتائالانىڭ ئىبادىتىنى قىلماقلىق؛ ئىككىنچىسى، خەلقلەر بىلەن ياخشى مۇئامىلە قىلماقلىق؛ ئۈچۈنچىسى، قولى ئوچۇق بولماقلىق. 6. باشقا قىسسەلەردە يامانلىققا قىساس ئېلىش سۆزلەنگەن بولسىمۇ، بۇ قىسسىدە يامانلىق قىلغان قېرىنداشلىرىغا ياخشىلىق قىلغانلىق سۆزلەنگەن. 7. بۇ قىسسىنىڭ ئەۋۋىلىمۇ چۈش، ئوتتۇرىسىمۇ چۈش، ئاخىرىمۇ چۈشتۇر.

8. بۇ قىسسىنىڭ ئەۋۋىلىدىن - ئاخىرىغىچە ئاشىق - مەشۇق ۋەقەسىدۇر. 9. ھەزرىتى سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «كىم قاتتىق بالاغا مۇپتىلا بولسا، سۈرە يۈسۈپنى 7 مەرتىۋە ئوقۇسا، ھەممە مۇشكۈللىرى ئاسان بولغاي ۋە 21 سېھىر - جادۇدىن ئامان قالغاي» دېگەن. 10. بۇ قىسسىنى ئوقۇشنىڭ ساۋابى كۆپتۇر.

ھېكايەتتە كەلتۈرۈلۈپتۇكى، ياقۇپ ئەلەيھىسسالامنىڭ بىر راۋايەتتە 4، يەنە بىر راۋايەتتە 6 خوتۇنى بولۇپ، بۇ خوتۇنلاردىن 12 ئوغلى بولغان ئىدى. بۇلار: روبىل، لاۋىيە، دانە، شەمئۇن، يەھۇدا، جاۋدان، نەفتال، يەشجەر، زىيالۇن، قازورا، يۈسۈپ، بۇنيامىن. يۈسۈپ ئەلەيھىسسالام 11 - ئوغلى ئىدى.

ھەقسۇبھانى ۋەتائالا ھەزرىتى يۈسۈپ ئەلەيھىسسالامغا 10 نەرسىنى كارامەت قىلغان: 1) ھۆسنى - جامال؛ 2) خەتنە قىلىنغلىق؛ 3) خاتانى ئەپۇ قىلىش؛ 4) چۈشكە تەئبىر ئېيتىش؛ 5) ئىشنىڭ ئاقىۋىتىنى ئويلاش؛ 6) پەيغەمبەرلىك؛ 7) پادىشالىق؛ 8) شىجائەتلىك؛ 9) خۇشخۇيلۇق؛ 10) پاكلىق. بۇلار يۈسۈپ ئەلەيھىسسالامنىڭ خۇسۇسىيەتلىرى.

يۈسۈپ ئەلەيھىسسالام شۇنداق چىرايلىق ئىدىكى، ھېكايەتتە كەلتۈرۈلۈشىچە: مىسىردا 7 يىل قەھەتچىلىك بولدى، ھەممە ئادەم مال - مۈلۈك، ئەسۋاپلىرىنى، قۇل - چۆرىلىرىنى يۈسۈپ ئەلەيھىسسالامغا سېتىپ ئاشلىق ئېلىپ يەيتتى. يۈسۈپ ئەلەيھىسسالامدىمۇ ئاشلىق قالمىغان ۋاقتىدا، كىشىلەر «ئاھ نان - ئاھ نان» دەپ جان بېرىشكە باشلىدى. ئەنە شۇ

ئۇيغۇر كىتاب تورىبكتى
www.uyghurkitap.com

چاغدا يۇسۇپ ئەلەيھىسسالام ئۆزىنىڭ پۈتۈن جاھاندا بىردىن-
بىر گۈزەل بولغان جامالىنى خەلققە كۆرسەتتى. ئاللاتائالا-
نىڭ قۇدرىتى بىلەن خەلق 4 ئايغىچە يۇسۇپ ئەلەيھىسسالام-
نىڭ ھۆسنى - جامالىغا قاراپ، بىھوش بولۇپ، تائام يېمىسىمۇ
تائام يېگەندەك قورسىقى تويۇپ يۈرۈشتى. 5 - ئايغا بارغاندا
زىرائەتكە ئۇلاشتى. يۇسۇپ ئەلەيھىسسالام شۇنداق چىرايلىق
ئىدىكى، ئەگەر يۈزىدىن نىقاپنى ئاچسا، ئاينىڭ نۇرى كۆرۈنمەيت-
تى، كۈنمۇ خىرە بولاتتى. كىمكى ئۇنىڭ يۈزىگە قارىسا، تاقەت
قىلالماپ تۇرالمايتتى. ھەيلى ئاق ياكى قىزىل بولسۇن قايسى خىل
تائام يېسە بوغۇزىدىن ئۆتكەندە بىلىنەتتى. نۇرانە يۈزلى-
رىدىن لالە گۈللەر ئۈنۈپ ئۇيۇلاتتى. ئىككى چىكىسىدە 40 ئورۇم چې-
چى بار بولۇپ، ئەنبەرلەر ئۇنىڭ چاچلىرىدىن ھىد ئالاتتى.
ئۇنىڭ خۇشبۇيى ھىدىدىن كىشىلەرنىڭ دىمىغى خۇشپۇراق بو-
لاتتى. 100 مىڭ تەرىپ بىلەنمۇ ئۇنىڭ سۈپەتلىرى ئادا بول-
مايتتى. پۈتۈن بىر شەھەر خەلقى ئۇنىڭ جامالىنى كۆرۈپ ئۆز
ھاللىرىنى بىلمەي، تائام يېمەي ھەيران بولۇپ يۈرگەن بىر
زاتنى مەن قانداق تەرىپلەپ بولالايمەن؟

نەقىل كەلتۈرۈلۈشىچە، ئاللاتائالا بۇ ئالەمدىكى 5 نەرسىنى
10 ھەسسىدىن قىلىپ توققۇز ھەسسىنى بىركىمەرسىگە نىسىپ
قىپتۇ: بىرىنچىسى، شەرم ھايانى ئون ھەسسە قىلىپ، بىر ھەس-
سىسىنى ئەرلەرگە، توققۇز ھەسسىسىنى ئاياللارغا بېرىپتۇ؛ ئىككىن-
چىسى، ئەقىلنى 10 ھەسسە قىلىپ، توققۇز ھەسسىسىنى ئەر-
لەرگە، بىر ھەسسىسىنى ئاياللارغا بېرىپتۇ؛ ئۈچىنچىسى، خۇش
ئاۋازلىقنى ئون ھەسسە قىلىپ، ۋەھەسسىسىنى داۋۇت ئەلەيھىسسا-

لامغا، بىر ھەسسىنى پۈتۈن ئالەمگە بېرىپتۇ؛ تۆتىنچى، خۇش-
خۇيلۇقنى ئۇن ھەسسە قىلىپ، و ھەسسىنى مۇھەممەت ئەلەي-
ھىسسالامغا، بىر ھەسسىنى پۈتۈن ئالەمگە بېرىپتۇ؛ بەشىنچى،
ھۆسنى - لەتاپەتنى يۈز ھەسسە قىلىپ، توقسان توققۇزىنى ھەزرە-
تى ھاۋا ئانىمىزغا، قالغان بىر ھەسسىنى يەنە ئۇن ھەسسە
قىلىپ، توققۇز ھەسسىنى يۈسۈپ ئەلەيھىسسالامغا، بىر ھەسسە-
سىنى پۈتۈن ئالەمگە بېرىپتۇ.

نەقىل كەلتۈرۈلۈشىچە، ئاللا تائالا ياقۇپ ئەلەيھىسسالام-
نىڭ ھويلىسىدا بىر تۈپ دەرەخ ئۈندۈرگەن بولۇپ، ھېچبىر
شاخ - پۈتىقى يوق ئىكەن. ھەر قېتىم خوتۇنى ئوغۇل تۇغسا،
بىر شاخ پەيدا بولىدىكەن، ئۇ ئوغۇل ئەنە شۇ شاخ بىلەن تەڭ
چوڭ بولىدىكەن. ئۇ شاخنى كېسىپ شۇ ئوغلىغا ھاسا قىلىپ بېرىدى-
كەن. يۈسۈپ ئەلەيھىسسالام تۇغۇلغان ۋاقتىدىمۇ بۇ دەرەختە
بىر شاخ پەيدا بولدى، بۇلار تەڭ چوڭ بولۇشتى. كېيىن شاخنى
كېسىپ ھاسا قىلىپ بەردى. يۈسۈپ ئەلەيھىسسالام قايانغا بارسا،
ھاسىسىنى ئېلىپ باراتتى. ئۇ ۋاقىتتا ئاكىلىرى يۈسۈپ ئە-
لەيھىسسالامغا ناھايىتى مېھرىۋان ئىدى، ھەر تەرەپكە ئاپىرىپ
ئوينىتىپ كېلەتتى.

يۈسۈپ ئەلەيھىسسالام 7 ياشقا كىرگەندە بىر چۈش كۆر-
دى. بۇ چۈشتە: ئۇ ئاكىلىرى بىلەن سەھراغا چىقىپ،
ھەر قايسىلىرى ھاسىلىرىنى يەرگە
سانجىغانمىش، ئاكىلىرىنىڭ ھاسىلىرى كۆكەرگەنمىش، لېكىن
يۇقۇرى ئۆرلىمەسمىش. ئەمما، يۈسۈپ ئەلەيھىسسالامنىڭ ھا-
سىسى بىرىنچى ئاسمانغىچە ئۆرلەپ، ئاكىلىرىنىڭ ھاسىلىرىغا

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

سايە چۈشۈرگەنمىش ۋە ناھايىتى كوپ، ھەددى - ھېسابسىز مىۋە بولغانمىش. ھەممىسى ئۇنىڭ مىۋىلىرىدىن ئېغىتىپ يىگەنمىش ۋە ھەممەيلەن تويغانمىش. يۈسۈپ ئەلەيھىسسالام بۇ چۈشنى ئاتىسىغا ئېيتتى.

— ئوغلۇم، تاۋۇشىڭىزنى چىقارماڭ، ئاكىلىرىڭىزنىڭ ئاچچىغى كېلىدۇ، - دېدى ئاتىسى.

يۈسۈپ ئەلەيھىسسالام يەنە بىر كۈنى چۈش كۆرۈپ، قورقۇپ ئويغاندى ۋە چۈشىنى ئاتىسىغا ئېيتتى:

— بىر چوڭ شەھەردە ئىمىشمەن، بىر كاتتا تەختتە ئولتۇرغانمىشمەن. بېشىمدا گوھەرلەر بىلەن بېزەلگەن تاج، بېلىمدە كەمەر، قولۇمدا ئەنگۈشتەر بار ئىمىش. پۈتۈن خەلق مېنىڭ خىزمىتىمگە قول باغلاپ تۇرغانمىش، ھەممەيلەن ئېسىل كىيىملەر كەيگەنمىش. شۇ ئەسنادا ئاسماننىڭ ئىشىكلىرى ئېچىلىپ، نۇرلار چېچىلىپ، ھەممە يەر نۇرغا چۈمۈلگەنمىش. دەريالارنىڭ سۈيى راۋان بولۇپ، بېلىقلار ئوينىشىپ يۈرەرمىش. ئالدىمدا بىر رىدا بولۇپ، پۈتۈن ئالەم ئەشۇ رىدانىڭ نۇرى بىلەن روشەن يورۇپ كەتكەنمىش. پۈتۈن ئالەمدىكى ھەممە غەزىنىلەرنىڭ ئاچقۇچلىرى مېنىڭ ئالدىمدا تۇرغانمىش. مەن ئۇ ئىشلارغا تەئەججۈپلىنىپ تۇرسام، تۇيۇقسىز 11 يۇلتۇز، ئاي ۋە كۈن ماڭا سالام بەردى، سەجدە قىلدى. سەجدە قىلغان ئۇ يۇلتۇزلار ئاتارود، مۇشتەرى، مىررىخ، زۇھەل، زوھرە، شەمس، قەمەر، مىزان، جەددە، دەلۋە، سەۋرى ۋە جەۋزا قاتارلىقلار.

يۈسۈپ ئەلەيھىسسالام يەنە بىر كۈنى بىر چۈش كۆردى. چۈشىدە: 10 بۆرە كېلىپ، يۈسۈپ ئەلەيھىسسالامغا قەست قىلدى.

يەنە بىر بورە. كېلىپ، ئۇ بورىلەرنى قوغلىغان ئىدى، شۇ ھامان يەر يېرىلدى، يۈسۈپ ئەلەيھىسسالام يەرگە كىرىپ غايىپ بولۇپ ئويغاندى. يەنە بىر كۈنى بىر چۈش كوردى. چۈشىدە: 10 ئاكىسى بىر جايغا چىقىپ، ھەرقايسىسى بىردىن قۇدۇق قازدى. ئەمما ھېچقايسىسىدىن سۇ چىقمىدى. يۈسۈپ ئەلەيھىسسالام بىر قۇدۇق قازغان ئىدى، ئۇنىڭ قۇدۇغى-دىن چىققان سۇ بىلەن ھەممە قۇدۇقلار تولدى. يەنە بىر كېچى-سى بىر چۈش كوردى. چۈشىدە: ھەممە ئاكىلىرى بىلەن ئوتۇن-غا باردى. باشقىلارنىڭ ئوتۇنى قارا، يۈسۈپ ئەلەيھىسسالامنىڭ ئوتۇنى ئاق ئىدى. بىر كىشى تورۇزا ئەكىلىپ، ئاكىلىرىنىڭ ئوتۇننى بىر پەللىسىگە، يۈسۈپ ئەلەيھىسسالامنىڭ ئوتۇنىنى بىر پەللىسىگە سالغان ئىدى. يۈسۈپ ئەلەيھىسسالامنىڭ ئوتۇنى ھەممە ئاكىسىنىڭكىدىن ئېغىر كەلدى.

يۈسۈپ ئەلەيھىسسالام كورگەن بۇ چۈشلىرىنى ئاتىسىغا ئېيتقان ئىدى، ئاتىسى دىدى:

— ئەي بالام، غايەت ياخشى چۈش كورۇپسىز. لېكىن، بۇ چۈشلەرنى ھەرگىز ئاكىلىرىڭىزغا ئېيتماڭ، ئېيتسىڭىز ئۇلار سىز-گە يامان قارايدۇ، چۈنكى، ئادەمگە شەيتان دۈشمەندۇر.

بۇ گەپلەرنى ئاكىلىرىمۇ ئاڭلاپ قالغان ئىدى. روبىل بۇنى باشقا تۇققانلىرىغا ئېيتتى. ھەممىسى بىرلىكتە: «راھىلە-نىڭ ئوغلى ئاتىمىزغا ياخشى كورۇنەي دەپ، يالغان چۈشلەرنى ئېيتىپ يۈرۈيدۇ» دېيىشتى ۋە رەشك قىلىنىشتى. ئەمما ھېچ ئىلاج تاپالمايتتى. ئۇلار دۈشمەنلىك قىلىچىنى چارقلاپ، بۇرادەرلىك كۈچىتىنى كېسىش ئۈچۈن بىر ھىلە-ئامال تاپالماي يۈرۈشتى. بىر كۈنى بىر ئاكىسى:

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

— يۇسۇپتىن زادى قانداق چۈش كۆرگەنلىكىنى سوراپ باقايلى، — دىدى.

ئۇلار سورىغان ئىدى، يۇسۇپ ئەلەيھىسسالام ھىچ جاۋابىنى بەرمىدى. بۇنىڭدىن ئۇلار ئاتىلىرىنىڭ «چۈشىڭىزنى ھىچكىمگە ئېيتما» دىگەنلىكىنى، يۇسۇپنىڭ شۇڭا سۆزلىمىگەنلىكىنى چۈشەندى.

ئاكىلىرى ئۆز ئارا غەيۋەت قىلىشقا باشلىدى: «ئاتىمىز قانداقلىكى نەرسە ياخشى، قىممەتلىك بولسا، ئۇنى بىزگە بەرمەي يۇسۇپكە بىرىدۇ. ھەزرىتى ئىبراھىم خەلىلۇللانىڭ سەللىسىنى ئۇنىڭغا بەردى. بوۋىمىز ئىسھاق ئەلەيھىسسالامنىڭ كۆينىكىنىمۇ ئۇنىڭغا بەردى. بىز سەھرادا ياۋا توڭگۇز، بۆرە بىلەن تۇتۇشۇپ مال باقىمىز، يۇسۇپ بولسا ئۆيدە ئولتۇرۇپ ھالاۋەت كۆرىدۇ»، دەپ رەشك بىلەن سۆزلىشەتتى.

راۋايەت قىلىنىشىچە، ياقۇپ ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەرقايسى ئوغۇللىرىنىڭ بىردىن خاسىيىتى بار ئىدى: بىرىنىڭ ئاۋازىنى ھەركىم ئاڭلىسا قورقۇپ بىھوش بولۇپ كېتەتتى؛ بىرىنىڭ يائوقى تاشنى تېشىپ ئۆتەتتى؛ بىرىنىڭ ئاچچىقى كەلسە، بەدىنىدىكى مويى كىيىمىنى تېشىپ چىقاتتى؛ بىرى شەمشەر بىلەن بىر ئۇرۇپ تاشنى ئىككى پارچە قىلىۋېتەتتى؛ بىرى شەمشىرىنى تاققا ئۇرسا، تاغ پارچە - پارچە بولۇپ كېتەتتى. يۇسۇپ ئەلەيھىسسالام شۇنداق چىرايلىق ئىدىكى، كۈندۈزى ئاپتاپ بىلەن رو - بىرو بولسا، ئاپتاپنى يېڭىپ چىقاتتى.

بىر كۈنى لەنىتى شەيتان بىر قېرى بوۋاينىڭ سۈرىتىدە بولۇپ كېلىپ، يۇسۇپ ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاكىلىرىغا:

— يۇسۇپنى ئۆلتۈرۈۋېتىڭلار ياكى يىراق بىر جايغا ئاپى-
رىۋېتىڭلار — دىدى.

— ئۆلتۈرۋەتسەك، — دېيىشتى ئۇلار، — بىزدىن خۇدا بىزار بولىدۇ، يىراق يەرگە ئەۋەتىۋېتەيلى دېسەك، ئاتىمىز ھەرگىزمۇ قوشۇپ بەرمەيدۇ.

— ھازىر قىش پەسلى، ھاۋا سوغاق، بۇ مەسلىھەت ئەمەلگە ئاشمايدۇ. بىرنەچچە مەھەل سەۋرى قىلىڭلار ۋە بىرەر ئىش بىلەن يۇسۇپنى ئۆزەڭلەرگە رام قىلىڭلار، — دەپ يول كۆرسەتتى شەيتان، — ياز كېلىپ گۈللەر ئېچىلسۇن، بۇلبۇللار سايرىسۇن، قويلار قوزىلىسۇن، توگىلەر بوتۇلاقلىسۇن، ھەرقايسىڭلار ھەر خىل ياخشى سۆزلەر بىلەن يۇسۇپنى ئالداڭلار، ئۇ، سىلەرگە ئەگىشىپ يىغلاپ تۇرۇۋالسا، ئاتاڭلار نائىلاج بولۇپ قوشۇپ ئەۋەتىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن بىر ئىش قىلماق ئاسان بولىدۇ.

ھەممىسى شەيتاننىڭ مەسلىھەتىنى ماقۇل كۆرۈپ، بىرنەچچە ۋاقىت سەۋرى قىلىشتى. چېچەكلەر ئېچىلىپ، بۇلبۇللار سايرىغان ۋاقىت يېتىپ كەلگەندە، بىر كۈنى ئۇلار بىرلىشىپ ئاتىسىنىڭ قېشىغا كىرىپ شۇنداق دېيىشتى:

— ئەي پۈتۈن جاھان ئەھلىنىڭ كۆڭۈل خۇشلىقى بولغان ئاتا! جاھان قۇياشى ھوت قىشلىقىدىن ھەمەل يايلىقىغا كۆچۈپ باردى، ئۇنىڭغا سۆيۈنگەنلىكىدىن باھار يامغۇرى يېغىپ، ئالەم سەدەپلىرىگە جاۋاھىرلار چاچتى. جاڭگاللاردىكى يېشىل ئوت-چۆپلەر ئۆز قەددى-قامىتىنى تۈزەمەكتە. پۈتۈن جاھاندىكى

ئۇسۇزلۇقلەرنىڭ غۇنچە-گۈللىرىگە باھار ھىدى يەتكەنلىكتىن، ئۇلار خۇددى گۈلگە ئوخشاش تەبەسسۇم قىلماقتا. چىمەنلەردىكى بۇلبۇللار يۈزمىڭ تۈرلۈك نەغمە-ناۋالار بىلەن ساز چېلىشماقتا، باشقا قۇشلارمۇ سەھرا چىمەنلىرىدە خۇشال سايراشماقتا. تەقدىر نەققاشى ئۆز سەنئىتى بىلەن چىمەنلەرگە ئالتۇن-كۈمۈش چاچ-ماقتا. پەلەك بولسا، كىرىك كىيىملەر كىيىپ ئۇسسۇل ئوينىماقتا. تۈتى قۇشلار گۈزەل تىللار بىلەن ئەنە شۇ گۈزەللىكلەرنىڭ زىكرىنى ئېيتىپ، مەجلىس تۈزمەكتە. دىمەك، ئۇلۇك يەر تىرىلىدى ۋە يېشىل تون كەيدى. ئەي ئاتا، مۇشۇ كۈنلەردە ھاۋا ناھايىتى ياخشى بولىۋاتىدۇ. سەھرالارنى ساياھەت قىلىشنىڭ تازا ئوبدان ۋاقتى بولۇپتۇ. يۈسۈپنى بىزگە قوشۇپ بەرسىڭىز، ئېلىپ بارساق. ئۇ-نىڭمۇ قەلبى يايراپ، شادىمان بولۇپ، كۆڭلى ئېچىلسۇن. قوي-لارنىڭ قوزىسى، توگىلەرنىڭ بوتىلىقىنى مىنىپ ئوينىسۇن.

ياقۇپ ئەلەيھىسسالام يۈسۈپنى ئەۋەتىشنى راۋا كۆرمىدى. لېكىن، ئۇلار يۈزمىڭ ھىلە-مىكىرلەرنى ئىشلىتىپ يۈرۈپ ئاتى-سىنى رازى قىلىپ، يۈسۈپنى ئاخىر تىلىۋالدى.

—ئەي پەرزەنتلىرىم،— دېدى ياقۇپ ئەلەيھىسسالام،— سىلەر بىپەرۋالىق قىلماڭلار، يۈسۈپنى ئاچ-ئۇسسۇز قويماڭلار. ھاي ئوغۇللىرىم، سىلەر ئوۋغا بارساڭلار يۈسۈپ قوش① تا قەپقې-لىپ، ناگاھ بۆرە كېلىپ يەپ كەتسە، سىلەر كۆرمەي قالارسىلەر-مىكىن؟

—بۇ نەسىھەتنى يات كىشىلەرگە ئېيتىش كېرەك، ئاتا،— دېيىشتى ئوغۇللىرى،— بىز ئۆز قېرىنداشىمىزنى نېمىشقا باقمايـ

① قوش-چۈشكەن ئورۇن دېگەن سۆز- مۇھەررىردىن.

دېگەنمىسىز؟ ئۇنى قولىمىزدىن كېلىشىچە ئاسراپ، بېغىمىزدا كۆتۈرۈپ يۈرۈپ ئوينىتىمىز. يۇسۇپنى سىز قانداق سۆيسىڭىز، بىز سىزدىنمۇ بەكرەك سۆيىمىز.

ئۇلار يۇسۇپ ئەلەيھىسسالامنى كۆزدىن يوقىتىش ئۈچۈن ئاتىسىنى ئەنە شۇنداق ئالداشتى.

— كۆڭلۈم تىنمايدۇ، — دېدى ياقۇپ ئەلەيھىسسالام، — مۇبادا سىلەر ئويۇنغا بېرىلىپ كېتىپ، يۇسۇپنى بۆرىگە يېدۈرۈۋېتىپ، كېيىن پۇشايمان قىلاڭلار بولمايدۇ. شۇڭا، ئەۋەتىشكە كۆڭلۈم قويمايدۇ.

ياقۇپ ئەلەيھىسسالامنىڭ «يۇسۇپنى بۆرىگە يېدۈرۈۋېتىسىلە» دەپ ئەۋەتمەسلىكىدىكى سەۋەپ نېمە؟

بۇنىڭدىكى ھېكمەت شۇ ئىدىكى، ياقۇپ ئەلەيھىسسالام بىر كۈنى چۈش كۆرۈپ قورقۇپ ئويغانغان ۋە كۆرگەن چۈشىنىڭ قورقۇنچىسىدىن قىرىق كېچە-كۈندۈز ئۇخلىمىغان ئىدى. ئۇ، مۇنداق چۈش كۆرگەن:

ياقۇپ ئەلەيھىسسالام بىر تاغنىڭ ئۈستىدە ياتقان بولۇپ، يۇسۇپ ئەلەيھىسسالام قۇچىقىدا ئىكەن. تويۇقسىز 10 بۆرە پەيدا بولۇپ، يۇسۇپ ئەلەيھىسسالامنى ئۇنىڭ قۇچىقىدىن ئېلىپ ھالاك قىلماق بولغاندا، يەنە بىر بۆرە كېلىپ قېلىپ، ئۇ بۆرىنى قوغلارمىش. شۇ ئەسنادا يەر يېرىلىپ، يۇسۇپ يەرگە كىرىپ غايىپ بولارمىش.

ياقۇپ ئەلەيھىسسالام قورقۇپ ئويغانغان ئىدى. ئۇ، مانا شۇ ھېكمەتلىك چۈش سەۋەبىدىن ئۇلارغا يۇقۇرىقىدەك سۆزلەرنى ئېيتقان ئىدى. يۇسۇپ ئەلەيھىسسالامنى ئۆزلىرىگە قوشۇپ

ئۇيغۇر كىتاب تورپىكتى
www.uyghurkitap.com

بەرمەيدىغانلىقىغا كۆزى يەتكەن ئاكىلىرى سۆز بىلەن يۈسۈپ ئەلەيھىسسالامنىڭ كۆڭلىنى ئۆزلىرىگە رام قىلىۋالدى. يۈسۈپ ئەلەيھىسسالام يىغلاپ تۇرۇپ:

— ئاتا، ئاكىلىرىم بىلەن بىللە بارغۇم بار، قوشۇپ ئەۋەتسىڭىز، قوي - قوزىلارنى كۆرۈپ، كۆڭلۈم ئېچىلىپ قالغان بولاتتى، — دەپ يالۋۇردى.

— ئەي بوتام! — دېدى ياقۇپ ئەلەيھىسسالام، — كۆزۈمنىڭ نۇرى، كۆڭلۈمنىڭ خۇشلىقى، پۇت - قولۇمنىڭ مادارى سەن تۇرساڭ، قېرىغىنىمدا سەنسىز ئېچۈك تاقەت قىلالايمەن؟

يۈسۈپ ئەلەيھىسسالام كۆپ بىتاقەتلىك قىلىپ تۇرىۋالدى. ياقۇپ ئەلەيھىسسالام رۇخسەت بەرمەسلىكنىڭ چارىسىنى تاپالمىدى. شۇڭا، نائىلاج:

— ئەتە ئاكىلىرىڭغا قوشۇپ ئەۋەتەي، — دېدى ۋە كېچىسى يۈسۈپ ئەلەيھىسسالامنى باغرىغا بېسىپ ياتتى.

نەقىل كەلتۈرۈلۈشىچە، ئىشقى - مۇھەببەتنىڭ ئىككى ئىپادىسى بار ئىكەن: بىرى، كېچىسى ئۇخلىماسلىق؛ يەنە بىرى، كۈندۈزى بىقارارلىق.

شۇنداق قىلىپ ئەتىسى ئاكىلىرى يەنە كەلدى، ئۇلار ئېيتمدىغان سۆزلىرىنى ئېيتىشتى. ياقۇپ ئەلەيھىسسالام يۈسۈپنى قوشۇپ بەردى ۋە:

— ئەي جىگەر بەندىلىرىم، يۈسۈپنى ئاللا تائالاغا تاپشۇردۇم، ئۆزۈڭلاردىن يىراق قىلماڭلار، بۆرە، تۈلكىگە ئالدۇرماڭلار، ياخشى خەۋەر ئېلىڭلار، — دېدى يىغلاپ تۇرۇپ.

— ئۇنچىلا دەپ كەتمىش هاجەتسىز ئاتا، — دېيىشتى ئاكىلىرى، —

بىز ئۇنى ھەرگىز ئاچ قويمايمىز، قاراپ تۇرۇپ زەرەر يەتكۈزۈپ قويمايمىز، ئۇنىڭدىن ئوبدان خەۋەر ئالىمىز.

ياقۇپ ئەلەيھىسسالام يۇسۇپ ئەلەيھىسسالامنى غۇسلە تاھارەت قىلدۇرۇپ، كۆكۈللىرىنى تاراپ، ياخشى كىيىملەرنى كەيدۇرۇپ قوشۇپ بەردى. ئۆزى بولسا، بىر ئىگىز يەرگە چىقىپ قاراپ ئولتۇردى ۋە كۆزىنى كۆككە تىكىپ، ھاجەتلەرنى راۋا قىلغۇچى تەڭرى تائالانىڭ دەرگاھىغا ئاتاپ دۇئا قىلدى.

—ئىلاھا خۇداۋەندا، يۇسۇپنى ساڭا تاپشۇردۇم، ئۇنى ماڭا ئەلۋەتتە تېزراق قوشقايسەن، مېنى يۇسۇپنىڭ پىراقىدا خاراپ قىلمىغايسەن.

شۇنداق قىلىپ ئوغۇللار يۇسۇپنى ئېلىپ يولغا راۋان بولدى. ياقۇپ ئەلەيھىسسالامنىڭ ئالدىدا يۇسۇپ ئەلەيھىسسالامنى روبىل بوينىغا ئېلىپ كوتۇرۇپ ماڭدى، ئۇنىڭدىن كېيىن يەھۇدا، ئۇنىدىن كېيىن شەمئۇن كوتۇرۇۋالدى، كېيىنمۇ قولدىن قولغا ئېلىشتى. ياقۇپ ئەلەيھىسسالامنىڭ كۆزىدىن غايىپ بولغاندىن كېيىنلا ئۇنى يەرگە تاشلىدى ۋە:

—ئەي راھىلەنىڭ ئوغلى! نىمىشقا يالغان چۈشلەرنى ئېيتىپ، ئاتىمىزغا ياخشى كورۇنمەكچى بولۇپ يۇردۇڭ؟ يەنە بىزنىڭ بويىمىزغا مىنەمسەن تېخى! —دەپ پىيادە ھالدا ئالدىغا سېلىپ قوغلىدى.

يوللار قۇملۇق، ھاۋا ئىسسىق ئىدى، بىچارە يۇسۇپ ئەلەيھىسسالام يالاڭ ئاياق بولغاچقا، قايسى ئاكىسىنىڭ ئالدىغا يېلىنىپ كەلسە ئۇرۇپ قوغلار ئىدى. شۇڭا ئۇ، ھاردى، ئاچتى، ئۇسسىدى.

پىيادىلمىكنىڭ، ئىسسىقنىڭ دەردى بىرتەرەپ بولسا، ئاكىلىرىنىڭ دەردى بىرتەرەپ بولدى. يۈسۈپ ياللۇۋۇرۇپ، ئاتىسىنى شەپى كەلتۈرۈپ يىغلىسىمۇ ئۇلار تىڭشىمىدى. سۇ سورىسا تەستەك سالدى، نان سورىسا مۇش بىلەن ئۇردى. يەنە تېخى ئۇلار:

—يالغاندىن كورگەن چۈشلىرىڭدىن تىلىگىن، سەجدە قىلغان يۇلتۇزلىرىڭدىن تىلىگىن، ساڭا شۇلار ئەسقاتسۇن،—دېيىشتى.

شۇ ئەسنادا روبىل ئۇنى تىكەنلەرگە ۋە تاشلارغا ئۇرۇندۇرۇپ سورەپ يۈردى. يۈسۈپ ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇبارەك پۇتلىرى يارا بولۇپ كەتتى، يۈز-كوزلىرى قان ۋە تۇپراققا بولغاندى. شۇ چاغدا بىر جانىۋار پەيدا بولۇپ:

—ئەي ئەۋلادى ياقۇپ! ئاتاڭلارنىڭ نەسىھىتىنى ئۇنتۇپ قالماڭلار، خۇدادىن قورقماسلەر، مەخلۇقتىن ئۇيياتماسلەر؟—دېدى-دە، كۆزدىن غايىپ بولدى. ئۇلار يۈسۈپنى ئۇ جايدىن باشقا بىر يەرگە ئاپىرىپ ئولتۇرمەكچى بولدى. شەمئۇن پىچىغىنى چىقىرىپ يۈسۈپنىڭ گېلىغا سۇرمەكچى بولغاندا يەر تەۋرىدى ۋە:

—ئەي ئەۋلادى ياقۇپ! يۈسۈپكە ئازار بەرمەڭلار، رەھىم قىلىڭلار، دوزاق ئوتىغا سازاۋەر بولماڭلار، دېگەن ئاۋاز كەلدى. ئۇلار ئۇ سوزگىمۇ پەرۋا قىلمىغان ئىدى، يەنە يەردىن:

—سوزۇمنى قوبۇل قىلمىساڭلار ھەممىڭلارنى يۇتىمەن،—دېگەن ئاۋاز كەلدى. ئۇلار يۈسۈپنى ئېلىپ يەنە بىر يەرگە بارغان ئىدى، يەردىن:

—يۈسۈپنى خاپا قىلىۋاتىسىلەر، خۇدادىن قورقۇڭلار، مەخلۇقتىن ئۇيىلىڭلار، قېرىنداش ئاتاڭلارنى يۈسۈپنىڭ پىراقىدا

كۆيدۈرمەكچىلەر،- دېگەن ئاۋاز كەلدى. بۇ سۆزنى ئاڭلاپ ئاكى-
لىرىنىڭ غەزىۋى تېخىمۇ ئۆرلىدى-دە، «بۇنى زادى بىر ئامال
قىلىپ ئۆلتۈرمىسەك بولمىدى» دېگەن خىيالغا كەلدى. يۈسۈپ
ئەلەيھىسسالام بۇلارنىڭ ئۆلتۈرۈشكە مەسلىھەت قىلغانلىقىنى
بىلدى، شۇڭا بېرىپ يەھۇدا بىلەن روبىلنىڭ ئايىغىغا باش
قويۇپ، زار-زار يىغلىغان ھالدا:

— ئەي قېرىنداشلىرىم، ھەممىنىڭ چوڭى سىلەر، بۇلار مېنى
ئۆلتۈرگىلى قەستلىدى، سىلەر ماڭا رەھىم قىلمىساڭلارمۇ بىچارە
ئاتامغا رەھىم قىلساڭلار، بۈگۈن ئاتامنىڭ ئورنىدا ئاتا
سىلەر، مېنى ئۆلۈمدىن قۇتقۇزۇڭلار،- دېدى. ئۇنىڭ يىغىسىدىن
تاشلار ئېرىپ سۇ بولاتتى، لېكىن، ئاكىلىرىنىڭ كۆڭلىگە بۇ
سۆزلەر ھەرگىز تەسىر قىلمىدى. ئەكسىچە روبىل:

— بېرىپ يالغان كۆرگەن چۈشلىرىڭگە ئېيتقىن، سېنى
قۇتقۇزۇۋالسۇن، - دەپ ئۇنىڭ يۈزىگە بىر شاپىلاق ئۇردى.
يۈسۈپنىڭ كۆزلىرىگە قىزىللىق تىقىلدى. يەھۇدانىڭ ئۇنىڭغا
رەھمى كەلدى، شۇڭا ئۇ، ھېچقانداق سۆز قىلمىدى، يۈسۈپ
بېرىپ شەمئۇنغا يالۋۇرغان ئىدى، ئۇ مۇش بىلەن بىرنى ئۇر-
دى، يۈسۈپ يىقىلىپ چۈشتى، يەنە ئورنىدىن تۇرۇپ، يەھۇدا-
نىڭ ئالدىغا بېرىپ ئايىغىغا باش قويۇپ تۇرۇپ:

— ئەي قېرىندىشىم! ئاتام مېنى سىزگە تاپشۇرغان
ئەمەسمۇ؟ رەھىم قىلسىڭىز نېمە بولىدۇ؟- دېدى.

— ھازىر مەن ساڭا رەھىم قىلسام، ھەممىسى بىرلىشىپ
مېنى ئۆلتۈرىدۇ، سەۋرى قىلغىن، ئاللا تائالا نىجاتلىق بېرەر،-
دېدى يەھۇدا. لېكىن ئۇ ئاجرىتىپ ئالمىدى، ئۇنىڭدىنمۇ نا
ئۈمىت بولغان يۈسۈپ كۈلدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

— جېنىڭ تۇمشۇغۇڭغا كېلىپ تۇرۇپتۇ، نىمە ئۈچۈن كۈلسەن؟ — دەپ سورىدى يەھۇدا.

— بىر كۈنى سىلەر ۋە مەن بىللە ئولتۇرغان ئىدۇق، مەن ئاتامنىڭ قۇچىغىدا ئىدىم، — دىدى يۇسۇپ ئەلەيھىسسالام، — شۇۋاقىتتا مەن «ئەگەر مېنىڭ بېشىمغا بىرەر ئېغىر ئىش كەلسە ياكى بىر كىشى ماڭا زۇلۇم سالسا، بۇ ئاكىلىرىم ئۇنى پارە-پارە قىلىۋېتىدۇ، كىم ئىكەن ئۇ، ماڭا دۈشمەنلىك قىلالايدىغان؟» دىگەننى كوڭلۇمگە كەلتۈرگەن ئىدىم، ئاللاتائالا ئەشۇ سوزۇمنىڭ خاتاسى ئۈچۈن سىلەرنى ماڭا قوشۇپتۇ، ھېچقايسىڭلار ماڭا رەھىم قىلمايۋاتىسىلەر، بۇ ئەھۋال ئەشۇ بۇزۇق خىيالىمنىڭ شۇملىغىدىن كەلدى.

يەھۇدانىڭ دىلى ئېرىگەن ھالدا دىدى:

— ھەي يۇسۇپ، مەن سېنى ئولتۇرگىلى قويمايمەن، مۇبادا ئاتامنىڭ ئالدىغا بارساڭ مېنى رەسۋا قىلمىغىن.

ئۇ، شەمئۇن بىلەن روبىلنى بىر چەتكە ئېلىپ چىقىپ:

— بۇنىڭ كوزىگە قاراپ تۇرۇپ قانداقمۇ ئولتۇرگىلى بولار؟ بۇنى ئولتۇرسەك، قىيامەتتە نىمە دەپ جاۋاپ بېرەرمىز؟ پەيغەمبەر زادىنى ئولتۇرۇش گۇناھى كەبىرە ① غۇ!؟

ئۇنى ئاڭلىغان شەمئۇن ئاچچىغلاپ:

— ئولتۇرمەمەك نىمە قىلماق قىل، — دىدى.

— سەن بىزنىڭ ئەھدىمىزنى بۇزماقچىمۇسەن؟ — دىدى روبىل، — ئاتامنىڭ ئالدىدا قەدرىلىك بولاي دەمسەن؟ سېنىڭ سوزۇڭگە كىرمەيمىز، يۇسۇپنى ئولتۇرمەي قويمايمىز.

---

① گۇناھى كەبىر — چوڭ گۇناھ دىگەن سىرز — م.

— بۇنى ئولتۇرۇش بىلەن بىزگە قانچىلىك يەر كېڭىيىپ كېتەر دەيسەن؟ — دېدى يەھۇدا.

— ئۇنداق بولسا، بۇنىڭ قول - پۇتىنى باغلاپ سام ئىبنى نوھنىڭ قۇدۇغىغا تاشلايلى، — دېدى شەمئۇن.

ئۇلار يۈسۈپنى سۆرەپ قۇدۇق بېشىغا ئېلىپ كەلدى. يۈسۈپ ئەلەيھىسسالام قانچە يىغلاپ يالۋۇرغان بولسىمۇ، پاسىق ئاكىلىرى رەھىم قىلىشمىدى. ئەمما يۈسۈپ ئەلەيھىسسالامنىڭ ھال ئەھۋالىنى كۆرۈپ ئاسماندىكى، يەردىكى، ئورماندىكى، قۇملۇقتىكى، دەريا ۋە دېڭىزلاردىكى بارلىق جانىۋار - جاندارلار ھەم يەر - زېمىن نالىگە كەلدى. ئۇلار «يۈسۈپنى يالىڭاچلايمىز» دەپ تۇرغاندا، يۈسۈپ ئەلەيھىسسالام:

— كۆينىكىمنى قالدۇرۇپ قويساڭلار، ھايات بولسام ئەۋرەت يېپىنچام بولسۇن، ئۆلسەم كېپىنىم بولسۇن، — دەپ، كۆپ يىغلاپ زارلانغان بولسىمۇ ئۇلار ئۇنىماي، كۆينىكىنى يەشتۈرۈپ قولىنى باغلىدى.

يۈسۈپ ئەلەيھىسسالام يەنە:

— قولۇم بوش تۇرسا، قۇدۇقنىڭ ئىلان چايانلىرىدىن قورۇنغان بولاتتىم، — دېدى. ئۇلار قوبۇل قىلماي:

— ساڭا سەجدە قىلغان 11 يۇلتۇز بىلەن ئاي ۋە كۈن قولۇڭنى يېشىپ قويسۇن، — دەپ تەنە قىلدى ۋە بېلىدىن تانا بىلەن باغلاپ قۇدۇققا سالدى، ئوتتۇرىسىغا يەتكەندە تانىنى كېسىۋەتتى. يۈسۈپ ئەلەيھىسسالام ئىككى تەرەپكە ئۇرۇنۇپ - سوقۇلۇپ، گاھى بېشى، گاھى

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

يۈتىچە چۈشۈپ كېتىۋاتقاندا، ئاللاتائالادىن جەبرائىل ئەلەيھىسسالامغا: «يۇسۇپنى تۇتقىل» دەپ پەرمان بولدى. جەبرائىل ئەلەيھىسسالام دەرھال يېتىپ كېلىپ، يۇسۇپ ئەلەيھىسسالامنى قۇدۇقنىڭ تېگىگە يەتكۈزمەيلا تۇتۇۋالدى ۋە قۇدۇق ئاستىدىكى بىر ئاق تاشنى سۇنىڭ ئۈستىگە چىقىرىپ قاناتى بىلەن سىلىغان ئىدى، تاش يۇمشاق ھالەتكە ئۆزگەردى. يۇسۇپنى ئەشۇ تاش ئۈستىگە ئولتۇرغۇزدى. ئاللاتائالانىڭ ئەمرى بىلەن جەننەتتىن بىر كۆينەك كەلتۈرۈپ كەيدۈردى.

قۇدۇقنىڭ ئىچىدە ھەر بىرسى خۇددى دەرىيالاردىكى لەھەڭلەردەك يوغان قۇرۇتلار بار ئىدى، ئۇلارنىڭ ھەممىسى بېشىنى كۆتۈرۈشتى، يۇسۇپ ئەلەيھىسسالام قورقۇنۇچتا قالدى. جەبرائىل ئەلەيھىسسالام ئۇلارغا:

— ئەي ھاشاراتلار! بۇ، يۇسۇپ سىددىقۇللا، ئۇ بۇ يەردىن كەتمىگىچە ھېچقايسىڭلار بېشىڭلارنى كۆتەرمەڭلار! — دەپ ۋاقىرىدى. ئۇلارنىڭ ھەممىسى باشلىرىنى تۆۋەن سېلىشتى.

— ئەي يۇسۇپ، — دېدى جەبرائىل ئەلەيھىسسالام، — پەرۋەردىگار ساڭا سالام ئېيتتى، پەرىشتىلەر ساڭا دۇرۇت ئېيتتى، ھەقتائالا ساڭا پەيغەمبەرلىك بەردى ۋە يەنە ساڭا: «مېنىڭ ھۆكمىمگە رازى بولۇپ، بالالىرىمغا سەۋرى قىلسۇن، ئۇنىڭغا نىجاتلىق بېرىمەن، ئۇنى مىسىرغا پادىشا قىلىپ، ئاتىسى بىلەن ساق - سالامەت كۆرۈشتۈرىمەن» دەپ نىدا قىلدى. سەن بۇ ئىسمى - ئەزەمنى ئوقۇغىن....

ئۇ ئىسمى - ئەزەمنى يۇسۇپ ئەلەيھىسسالامغا ئۆگەتتى.

ئۇ ئىسمى - ئەزەم ھەر قانداق مۇشكۇللۇككە ئۇچرىغۇچى ئوقۇسا مۇشكۇلى ھەل بولىدىغان، ھەر قانداق ئاغرىققا ئىزىپ ئىچۇرسە ئاغرىغى شىپا تاپىدىغان دۇئائىدى.

جەبرائىل ئەلەيھىسسالام نۇردىن ياسالغان تاۋاقلاردا جەننەت تائاملىرىدىن كەلتۇرۇپ، يۇسۇپ ئەلەيھىسسالامنىڭ ئالدىدا قويدى، قۇل - پۇتلىرىنى يەشتى. يۇسۇپ ئەلەيھىسسالام تائاملارنى يەپ تويدى. جەبرائىل قۇدۇق ئىچىنى گۇل بىلەن توشقۇزدى، قۇدۇق ئىچى خۇشبۇي، يورۇق، نۇرلۇق بولۇپ قالدى. قۇدۇقنىڭ سۇيى ئاچچىق ئىدى، تاتلىق بولدى. بۇ قۇدۇق كەنئان بىلەن مىسىر ئارىلىغىدا بولۇپ، نۇھ ئەلەيھىسسالامنىڭ ئوغلى سام قازغان، قېزىلغىنىغا بىر مىڭ 200 يىل بولغان ئىدى.

*

يۇسۇپ ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاكىلىرى ئۇنى قۇدۇققا تاشلىغاندىن كېيىن ياندى ۋە بىر ئوغلاقنى ئۆلتۇرۇپ، ئۇنىڭ قېنى بىلەن يۇسۇپ ئەلەيھىسسالامنىڭ كوينىكىنى بويىدى - دە، ئاتىسىغا «يۇسۇپنى بورى يىدى» دىمەكچى بولدى.

— ئاتامنىڭ قېشىغا سىلەر بېرىڭلار، مەن بۇگۇن بۇ يەردە تۇرۇپ، ئەتە باراي، - دىدى يەھۇدا، - يۇسۇپنى ساقلاپ تۇراي، بىرەر كىشى ئۇنى قۇتقۇزۇپ ئېلىپ قاچمىسۇن، ئاتام مېنى سورىسا، بورىنى قوغلاپ كەتكەن ئىدى، دەڭلار.

يەھۇدا شۇ يەردە قالدى، باشقىلىرى قايتىپ كەتتى. لېكىن، ئۇلار قايتىپ كېتىۋېتىپ يەنە: «يەھۇدا يۇسۇپكە مېھرىۋان ئىدى، بىر ھىلە بىلەن تارتىپ ئېلىپ، ئاتىمىزغا ئەكە-

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

لىپ بېرىپ، بىزنى شەرمەندە قىلمىسۇن» دەپ مەسلىھەتلىشىپ، ھەممىسى قايتىپ كېلىپ، يەھۇدانى ئېلىپ ياندى، شۇ كۈنى كەچ بولغاندا ئۆيىگە يېقىن كەلدى.

يۇسۇپ ئەلەيھىسسالامنى سېغىنىپ، بىتاقەت بولغان ياقۇپ ئەلەيھىسسالام نامازدىگەر ۋاقتى بىلەن يولغا چىقىپ ئولتۇرغان ئىدى، يەھۇدا قانغا بويالغان كۆينەكنى بېشىغا يېپىپ، ئىككى قولىنى كۆكسىگە ئۇرۇپ نەرە تارتىپ، ھەر قايسىسى باشقا - باشقا ئاۋاز بىلەن «ئاھ يۇسۇپۇم!» دەپ قىچقىرىشىپ، ياقىلىرىنى يىرتىپ، باشلىرىغا توپا چېچىپ كېلىشتى.

ياقۇپ ئەلەيھىسسالام: «بۇ قانداق غەۋغادۇ» دەپ قاراپ تۇرۇشىغا ئۇلار يېتىپ كېلىپ:

— ئەي ئاتا، بىز باياۋاندا قويلارنى خەۋەر ئالغىلى كېتىپ، يۇسۇپنى قوشتا قويۇپ قويغان ئىدۇق، بىز كەلگىچە يۇسۇپنى بۆرە يەپتۇ، — دېيىشتى ۋە قانلىق كۆينەكنى ئاتىسىنىڭ ئالدىغا قويۇشتى.

ياقۇپ ئەلەيھىسسالام بۇ سۆزلەرنى ئاڭلاش بىلەن ھو - شىدىن كېتىپ يىقىلدى، بىر ئازدىن كېيىن ھوشىغا كېلىپ، يەنە ھوشىدىن كەتتى، شۇ يوسۇندا پات - پات ھوشىدىن كېتىپ، يەنە ھوشىغا كېلىپ يىغلايتتى.

ئۇنى كۆرگەن پەرزەنتلىرىنىڭ غەۋغالىرى تېخىمۇ زىيادە بولۇپ يىغلاشتى. ياقۇپ ئەلەيھىسسالام يۇسۇپ ئەلەيھىسسالامنىڭ قانلىق كۆينىكىنى قولىغا ئېلىپ قارىدى، كۆينەك پۈتۈن ئىدى.

— بۇ قانداق مېھرىۋان بۆرىدۇ؟ كۆينەكنى يىرتماي يەپتۇ، ئەگەر يۇسۇپنى بۆرە يېگەن بولسا، ئەلۋەتتە كۆينەكنى يىرت-

قان بۇلاتتى، بۇنى بىر رە يىگەن ئەمەس، - دېدى ياقۇپ ئەلەيھىسسالام ۋە پىراق ئوتى تېخىمۇ زىيادە بولۇپ، كەنئان ئەتراپىدىكى باياۋاندا 7 كېچە - كۈندۈز ئىككى قولى بىلەن بېشىنى تۇتۇپ يىغلاپ كېزىپ يۈردى. بۇ 7 كېچە - كۈندۈز ئىچىدە ياقۇپ ئەلەيھىسسالام 370 قېتىم ھوشىدىن كېتىپ، يەنە ھوشىغا كەلدى. ئۇ:

— ئەي دوستۇم، ئەي كۆزۈمنىڭ نۇرى! سېنى قايسى قۇ- دۇققا سالدى، قايسى دەرياغا غەرق قىلدى! قايسى قىلىچ بىلەن چاپتى! قەيەرگە كىردى؟ كاشكى سېنى يىگەن بورىنى كۆرسەم ئىدى، ئۇتلىرىنىڭ توپىسىنى كۆزۈمگە سۈرەتتىم، ئالدىمدىن كەتكۈزمىگەن بولاتتىم، سېنى سېغىنسام ئەشۇ بورىنى سۆيگەن بولاتتىم. ھەر نىمە بولغان بولسىمۇ سەن بىلەن بىللە بارغان بولسامچۇ كاشكى، نىمە ئىش بولغانلىغىنى كۆزۈم بىلەن كۆرگەن بولاتتىم، - دەپ يىغلايتتى.

ياقۇپ ئەلەيھىسسالامنىڭ يىغى - زارىغا قاراپ ھاۋادىكى قۇشلار، دەريادىكى بېلىقلارمۇ يىغلىشىپ كېتەتتى. ئۇ 3 كېچە - كۈندۈزگىچە بىر لوقما تائام يېمىدى، بىر قەترە سۇ ئىچمىدى. ئۇنىڭ بۇ ھالىغا تاقەت قىلالمىغان مالائىكىلار تەڭرىنىڭ دەرگاھىغا مۇناجات قىلىپ تىلىدى:

— خۇدايا، بۇ دوستۇڭنىڭ مۇنداق دەرىجىدىكى بىتاقەت - لىكىگە، نالە - زارىغا بىزدە ھېچ تاقەت قالمىدى، بۇ ئەھۋالغا ئۇزۇڭ رەھىم قىلغايسەن.

شۇ ھالەتتە، جەبرائىل ئەلەيھىسسالامغا ئاللاتائالادىن:

— ياقۇپقا تەسەللى - خاتىر بەرگىن، - دەپ پەرمان بول-

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

دى. جەبرائىل ئەلەيھىسسالام ياقۇپ ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا كېلىپ:

— ئەي ياقۇپ، سەۋرى قىلغىن، ئوغلۇڭ بىلەن تېپىشىسەن، - دېدى.

— ھەي بۇرادەر جەبرائىل! ئوغلۇم يۇسۇپتىن خەۋىرىڭ بارمۇ؟ - دەپ سورىدى ياقۇپ ئەلەيھىسسالام.

جەبرائىل ئەلەيھىسسالام جاۋاپ بەرمىدى.

ئەمما يۇسۇپ ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاكىلىرى قىلغان ئىشىغا يۈزمىڭ پۇشمان ۋە نادامەت قىلىشقان ئىدى، شەرمەندىلىكىدىن ئاتىسىنىڭ يۈزىگە ھەرگىزمۇ تىكىلىپ قارىيالمايتتى.

— بۇ، سىلەرنىڭ ھىلە - مىكرىڭلار، - دېدى ياقۇپ ئەلەيھىسسالام، — سىلەر ئۇزنەپسىڭلارنى كۆزلەپ، ئۇنىڭغا ھەسەت قىلدىڭلار. ئەمدى سەۋرى قىلماقتىن باشقا چارە يوق.

— بۆرى يەدى دېسەك ئىشەنمەيۋاتىسىز، - دېيىشتى ئوغۇللىرى، - ئەگەر گېپىمىزنى يالغان دېسىڭىز، يۇسۇپنى يېگەن بۆرىنى تۇتۇپ ئەپكېلەيلى.

— تۇتۇپ كەلتۈرۈڭلار، - دەپ بۇيرىدى ياقۇپ ئەلەيھىسسالام. ھەممىسى چىقىپ، بىر بۆرىنى تۇتۇپ، چىشىنى چېقىپ، ئاغزىنى قان قىلىپ، «يۇسۇپنى يېگەن بۆرى مۇشۇ» دەپ ئەپكېلىشتى.

— ئىلاھا، بۇ تىلسىز بۆرىگە تىل بەرسەڭ، بىرنەچچە ئېغىز گەپ سورىسام، جاۋاپ بەرسە ئىدى، - دەپ دۇئا قىلدى ياقۇپ ئەلەيھىسسالام.

ھەقتائالا شۇ ھامان بۆرىنىڭ تىلىنى راۋان قىلدى. بۆرە دەرھال:

— خۇدا بىر دۇر، بۇ خۇدانىڭ ھېچبىر شېرىكى يوقتۇر، ئەسسالامۇ ئەلەيكە يارەسۇلىللا، — دېدى.

— ئەي بورە! نېمە ئۈچۈن ئوغلۇم يۇسۇپنى يېدىڭ؟ — سورىدى ياقۇپ ئەلەيھىسسالام.

— يارەسۇلىللا، بىزگە ئەنبىيا ۋە ئەۋلىيالارنىڭ گۆشىنى يېيىش ھارام، بىز ئۇلارنىڭ باياۋاندىكى ماللىرىغىمۇ تەگمەيمىزۇ، پەرزەنتلىرىنى يېيىشكە ھەددىمىز بولامدۇ؟ بۇلارغا تۆھمەت قىلىنىۋاتىدۇ، مەن بىر غېرىپ — مۇساپىر بورە ئىدىم، بۇيەرنىڭ ئوت — سۈيىنىمۇ كۆرگەن ئەمەسمەن. تېخى تۈنۈگۈن كەلگەن ئىدىم، بۇ يالغانچىلار مېنى تۇتۇپ، چىشلىرىمنى چېقىپ، بۇ يەرگە ئېلىپ كەلدى، — دېدى بورە ۋە بۇ سۆزى بىلەن ئوغۇللارنى خىجىل، شەرمىسار قىلدى.

بورىدىن سورىدى ياقۇپ ئەلەيھىسسالام:

— قەيەرلىك سەن؟

جاۋاپ بەردى بورە:

— مىسىردىمەن، بىر قېرىندىشىم بار ئىدى، ئۇنىڭ بارلىقىغا كۆڭلۈمدە بەكمۇ خۇشال بولۇپ يۈرەتتىم، نەچچە كۈندىن بۇيان ئۇ يوقۇلۇپ كەتتى. بۇ مەملىكەتتىن بىر خەۋىرى چىقىپ قالارمىكىن، دەپ ئىزلەپ كەلگەن ئىدىم، خەۋىرىنى ئالدىم. بۇ مەملىكەتنىڭ پادىشاھى ئۇۋلاپ تۇتۇۋاپتىمىش، ھازىر تىرىك بار ئىمىش. شۇنىڭ غېمىدە مانا 17 كۈندىن بۇيان تائام يېگىنىممۇ يوق.

— بىر بورە يەنە بىر بورىنىڭ ھەسرىتىدە شۇنچە ھالغا قالسا، مېنىڭ ھالىم نېمە بولۇپ كېتەر، — دېدى ياقۇپ ئەلەيھىسسالام ۋە ئوغۇللىرىغا قاراپ:

— سىلەر يۈسۈپنى موشۇ بۆرە يېدى دىمىگەنمىدىڭلار؟ — دەپ سورىدى.

— بۇنىڭدىن باشقا بىرى يېگەن ئوخشايدۇ، بىز بېرىپ تېپىپ كېلەيلى، — دەپ ئوغۇللار چىقىپ كېتىشتى.

— ئەي بۆرە! يۈسۈپۈمدىن خەۋىرىڭ بارمۇ؟ — دەپ سورىدى ياقۇپ ئەلەيھىسسالام.

— ياراسۇلىللا، جەبرائىل ئەلەيھىسسالامدىن سورىمىدىڭىزمۇ؟

— سورىدۇم، جاۋاپ بەرمىدى.

— جەبرائىل ئەلەيھىسسالام سىرنى ئاچمىغان بولسا، ئوغلىڭىزنى بۆرە يېمىگەن ئوخشايدۇ. بۇ سىرنى مەنمۇ ئاشكارا قىلمايمەن. چۈنكى، بۇنى ئېيتسام چېقىمچىلاردىن بولۇپ قالىمەن، چېقىمچىلارنىڭ ئورنى جەھەننەم. ئۇنداقتا مەن نېچۈك قىلىمەن؟ — دېدى بۆرە.

— مەن شاپائەت قىلاي، قېرىنداشلىق بىلەن تېپىشۋالغىن، — دېدى ياقۇپ ئەلەيھىسسالام.

— ئەي پەيغەمبىرى خۇدا! مەنمۇ دۇئا قىلاي، يۈسۈپىڭىز تېپىلسۇن، ئۇنىڭ دىدارى — جامالى بىلەن كۆزىڭىز روشەن بولسۇن، — دېدى بۆرە. ياقۇپ ئەلەيھىسسالام پادىشادىن بۆرىنىڭ ئىنىسىنى تىلەپ بەردى. بۆرە:

— ئىلاھا خۇداۋەندا، ياقۇپ ئەلەيھىسسالامغا ئوغلى يۈسۈپ ئەلەيھىسسالامنى سالامەت يەتكۈزگەيسەن، — دەپ دۇئا قىلدى ۋە ئىنىسىنى ئېلىپ خۇشال-خۇراملىق بىلەن ھىمىرغا راۋان بولدى.

نەقىل قىلىنىشچە، 5 ھايۋان جەننەتكە كىرىدىكەن. بۇلار:

ياقۇپ ئەلەيھىسسالامنىڭ بورىسى، ئەسھابىل كەھفىنىڭ ئىتى، سالىھ ئەلەيھىسسالامنىڭ توگىسى، ئەيسا ئەلەيھىسسالامنىڭ ئېشىكى، ھەزرىتى ئەلىنىڭ دۇلدۇلى.

ئەمدى مەقسەتكە كەلسەك، ياقۇپ ئەلەيھىسسالامنىڭ ئوغۇللىرى ئۆزئارا كېڭەشتى ۋە: «بۇ ئىش ئاشكارا بولۇپ قالىدىغاندەك تۇرىدۇ، ھازىر بارايلى، ئەگەر يۇسۇپ قۇدۇقتا ئۆلگەن بولسا خوپ، ئۆلمىگەن بولسا ئۆلتۈرۈۋېتەيلى» دەپ مەسلىھەتلەشتى. بۇ باغدا يەھۇدا بۇ ئىشلاردىن بىخەۋەر ھالدا قۇدۇقنىڭ بېشىغا بارغان ئىدى. ئۇ، يۇسۇپ ئەلەيھىسسالامدىن ھال-ئەھۋال سوراپ تائام بەردى. يۇسۇپ ئەلەيھىسسالام ئاتىسىنىڭ ھال-ئەھۋالىنى سورىدى. يەھۇدا قايتىپ كېلىپ، ئاكا-ئۇكىلىرىنىڭ ئالدىغا بېرىپ دېدىكى:

— بىز بېرىپ يۇسۇپنى چىقىرىۋېلىپ، ئاتىمىزنىڭ ئالدىغا ئېلىپ بارايلى، بىزنىڭ سۆزىمىزنى ئېيتماي، ئوغرى ئالغان ئىدى، دەيۇن. ئاتىمىزمۇ ئۇنىڭ دەرت-پىراقىدىن خالاس بولسۇن. ئۇ بىچارە ياشانغان ئاتىمىز ئاش-سۇدىن قېلىپ يامان بىتاقەت بولۇپ كەتتى. شۇنىڭ بىلەن قالغان تۇققانلارمۇ غەمكىن بولۇشتى. ئۇلار ئاخىرى قۇدۇق بېشىغا بارماقچى بولۇپ سۆزلىشىپ يولغا راۋان بولدى. دەل شۇ پەيتتە لەنىتى شەيتان بىر ياخشى كىشى سۈرىتىدە بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئۇدۇلىدىن چىقىپ يولۇقتى ۋە سورىدى:

— نەگە كېتىۋاتىسىلەر؟

— يۇسۇپنى قۇدۇقتىن چىقارغىلى كېتىۋاتىمىز، — دېيىشتى ئۇلار.

— ئاتائىلارنىڭ ئالدىدا يالغانچى بولمامسىلەر؟ — دېدى شەيتان، — ئىلگىرى بورە يىدى دەپ، ئەمدى ئوغرى ئاپتۇ دەپ تىرىك ئېلىپ بار ساڭلار سوزۇڭلارنىڭ نىمە ئەتۋارى بولىدۇ؟ ئاتائىلار باشلىق ھەممە خەلق سىلەرگە دۈشمەن بولۇپ قالمامدۇ؟

بۇ سوز ئۇلارنىڭ ھەممىسىگە ماقۇل كەلدى.

ئەشۇ گۇناھى ئۇچۇن، يەنى ئاتىسىنى رەنجىتكەنلىك سەۋەبىدىن ئۇلار پەيغەمبەر بولالمىغان ئىكەن، بەزىلەرنىڭ ئېيتىشىچە، ئۇلارنىڭ ھەممىسى تېخى بالاغەتكە يەتمىگەنلىكى ئۈچۈن گۇناھكار بولمىغان ئىمىش.

* * *

ھىكايە قىلىنىشىچە، مالىك زىنغىر خەزانە ئىسىملىك بىر سودىگەر بار بولۇپ، ئۇيى مىسىردا ئىدى. ئۇ، بىر كېچىسى چۈش كورسە تولۇن ئاي ئاسماندىن چۈشۈپ ئۇنىڭ قوينىغا كىرگەنمىش، ئارقىسىدىن يەنە بىر ئاق بۇلۇت كەلگەنمىش، ئۇنىڭدىن جاۋاھىرلار ياققانمىش. مالىك زىنغىر ئۇنى تېرىسىپ ئېلىپ، ساندۇققا سېلىۋېتىپ ئويغاندى، تاڭ ئاتقاندا ئۇ، تەبىرچىلەردىن چۈشىنىڭ تەبىرىنى سورىدى.

— ماڭا ياخشى توھپە بەرسەڭ، چۈشۈڭنىڭ تەبىرىنى ئېيتىمەن. — دېدى تەبىرچى.

مالىك زىنغىر ئۇنىڭغا يېتەرلىك توھپە تەقدىم قىلدى.

— ئەي مالىك، كەنئاندىن قۇلۇڭغا بىر قۇل چۈشۈدىكەن، ئۇ، ئەسلىدە قۇل ئەمەس، سەن ئۇ قۇلنىڭ شاراپىتىدىن شۇنداق زەردار بولىدىكەنسەنكى، مالۇ-دۇنيالىرىڭنىڭ ھەددى -

ھاۋى بولمايدىكەن، ئەھلى-ئەۋلادىڭىز زەردار بولىدىكەن،— دېدى تەبىرچى.

مالىك خوشال-خورام بولۇپ، سەدىقە قىلىپ، شام تەرەپكە راۋان بولدى. ئۇ يەردىن كېنەئانغا كېلىپ، بىر نەچچە ۋاقىت كۈتۈپ ياتتى. لېكىن، ئۇنىڭ كۆرگەن چۈشىنىڭ تەبىرى ھاسىل بولۇشىدىن ھېچقانداق نىشان كۆرۈلمىدى. ئۇ، يەنە شامغا باردى. ئۇ، شۇ قۇلنى تەلەپ قىلىپ يۈرەتتى. كېيىن ئۇ شامدىن مىسىر تەرەپكە ياندى. ئۇ چاغدا يۈسۈپ ئەلەيھىسسالام تېخى قۇدۇقتا ئىدى. مالىك زىغىرنىڭ كارۋانلىرى يولدىن ئادىشىپ قالدى. جەبرائىل ئەلەيھىسسالام ئۇلارنىڭ تۆگىسىنىڭ نوختىسىنى تۇتۇپ، بۇ قۇدۇق بار باياۋانغا ئېلىپ كەلدى. تاڭ ئاتقاندا بۇ كارۋانلار يولدىن ئېزىپ قالغانلىقىنى بىلدى. بۇ چۆلنىڭ ھەددى-پايانى يوق ئىدى. ھېچيەردە سۇ يوق ئىدى. مالىك ئىككى قۇلىنى سۇ تېپىشقا بۇيرىدى. ئۇلار ھەر تەرەپنى ئىزلەپ يۈرۈپ ئاخىرى بۇ قۇدۇقنى تاپتى. قۇللار قۇدۇققا سوغا سالدى ۋە سۇ تارتىپ ئالدى، ئىككىنچى قېتىم يەنە سۇ تارتىپ ئالدى، 3-قېتىمدا جەبرائىل ئەلەيھىسسالام كېلىپ يۈسۈپ ئەلەيھىسسالامغا سالام ئېيتتى ۋە:

— ئەي يۈسۈپ، ئۆزەڭنى سوغىغا سالغىن، — دېدى.

يۈسۈپ ئەلەيھىسسالام سوغىغا چىقتى.

— ئەي يۈسۈپ، — دېدى جەبرائىل ئەلەيھىسسالام، — ئېسىڭدە بارمىكىن، پالانى مەھەلدە ئۆزەڭنى ئەينەكتە كۆرۈپ باھا قويغان ئىدىڭ، ئەمدى ئۆز باھايىڭنى كۆرگىن.

قۇللار كۈچەپ تارتقان بولسىمۇ كۈچى يەتمىدى، يەنە بىرسىنى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

چاقىردى. ئىككى ئادەم بولۇپ تارتىشمۇ كۈچى يەتمىدى. ئۇلار مالىكنىمۇ چاقىردى. ئۈچەيلەنمۇ تارتالماي بەك كۈچىدى. جەبرائىلنىڭ مەدىتى بىلەن ئۇلار تارتىپ ئالالىدى. سوغا قۇدۇقنىڭ لىۋىدىگە يەتكەندە ئۇلار قارىسا، ئاسماندىكى ئاي سوغىنىڭ ئىچىدە ئولتۇرۇپتۇ.

مالىك ئۆز قۇللىرىغا قاراپ دېدى:

— بۇ نېمە بىشارەتتۇر؟ نەچچە يىلدىن بۇيان بۇ قۇلنىڭ كويىدا يۈرەتتىم، بۈگۈن تاپقان بولسامۇ قورقىۋاتىمەنغۇ؟ باشقا كارۋانلار بۇنى بىزدىن تارتىۋالارمىكىن؟ ئەمدى بىز ئۇلارغا «كىشىلەر ئامانەت بەردى، مىسىرغا ئاپىرىپ ساتىمىز» دەيلى.

شۇنىڭ بىلەن ئۇ يۇسۇپ ئەلەيھىسسالامنى باشقا سودىگەرلەرنىڭ قېشىغا ئېلىپ باردى. يۇسۇپ ئەلەيھىسسالامنى قۇدۇقتىن تارتىپ ئالغانلار بەشىرە ۋە مۇبەششىر ئىدى، بۇ ئىككىسى مۇسۇلمان بولدى. بۇلار ھەبەش ئىدى، يۈز - كۆزلىرىنى يۇسۇپ ئەلەيھىسسالامنىڭ قوللىرىغا سۈرتكەن ئىدى، يۈز - كۆزلىرى ئاقاردى. ئاندىن ئۇلار سەجدە قىلغىلى تۇرغان ئىدى، يۇسۇپ ئەلەيھىسسالام ئۇلارغا:

— مېنى ۋە سىلەرنى ياراتقان ئىگىمىز بار، شۇنىڭغا سەجدە قىلىڭلار، — دېدى.

ئۇلار سودىگەرلەرنىڭ قېشىغا بارغاندا، سودىگەرلەر:

— ئەي مالىك، بۇ قۇلنى نەدىن ئالدىڭ؟ — دەپ سورىدى.

— بىر دوستۇم ئامانەت بەردى، مىسىرغا ئېلىپ بارىمەن، — دېدى مالىك. سودىگەرلەر:

— بۇ ئوغۇل قۇل ئەمەس ئىكەن، سەن بۇنى ئوغرىلاپ قاچقاندەك تۇرىسەن، - دەپ تۇراتتى، دەل شۇنىڭ ئۈستىگە ياقۇپ ئەلەيھىسسالامنىڭ ئوغۇللىرى يېتىپ كېلىشتى. ئۇلار كارۋانلارنىڭ يۇسۇپنى قۇدۇقتىن چىقارغانلىقىنى كۆرۈپ، مالىكقا:

— بۇ، بىزنىڭ قۇلىمىز، قېچىپ كەتكەن ئىدى، - دېدى. يەھۇدا يۇسۇپكە: سەن بۇلارنىڭ قۇلى ئەمەسمۇ؟ دەپ ئىشارەت قىلغان ئىدى، يۇسۇپ ئەلەيھىسسالام: «راست، مەن بۇلارنىڭ قۇلى ئىدىم» دەپ جاۋاپ بەردى.

— بۇ قۇلنى ساتامسىلەر؟ - سورىدى مالىك.

— ساتىمىز، - دېيىشتى ئوغۇللار.

مالىك ئالماقچى بولدى.

— بۇ قۇلنىڭ ئۈچ ئەيىۋى بار. شۇ ئەيىۋى بىلەن ئالسىڭىز ساتىمىز، - دېيىشتى ئوغۇللار.

مالىك ئۇنىڭ ئەيىۋىنى سورىدى.

— بىرىنچى ئەيىۋى ئوغرى، ئىككىنچى ئەيىۋى قاچقاق، ئۈچىنچى ئەيىۋى يىغلاڭغۇ، - دەپ جاۋاپ بېرىشتى ئوغۇللار.

مالىك ھەر قانداق ئەيىۋى بولسا كۆتىرىپ ئالماقچى بولدى ۋە ئۇنىڭ باھاسىغا بىرىش ئۈچۈن ئات - توگە تەرەپكە ماڭغان ئىدى، ئوغۇللار:

— بىزگە ئۇنداق نەرسە كېرەك ئەمەس، بىز بۇنىڭدىن بەكمۇ زېرىككەنمىز، بىزگە ئازراق نەرسە بېرىپ رازى قىلسىڭىزلا بولىدۇ، - دېيىشتى.

مالىك «قانچە سورىسام بولار؟» دەپ تۇرغاندا:

— 18 پۇچەك يارماق بېرىپ ئېلىڭ، - دېيىشتى ئۇلار.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

مالىك دەرھال 18 پۈچەك يارماق بەردى. بۇ پۇل شۇ ۋاقىتتا 4 سەرلىك يارماقنىڭ باھاسى ئىدى.

يۈسۈپ ئەلەيھىسسالامنىڭ بۇنداق كەم باھادا سېتىلىشىغا نېمە سەۋەپ بولدى؟

جاۋابى شۇكى، يۈسۈپ ئەلەيھىسسالام بىر كۈنى ئەينەككە قاراپ: «ئەگەر مەن قۇل بولۇپ قالغان بولسام، مېنى ھېچكىم سېتىۋالالمايدىكەن، مېنىڭ باھايىمغا يېتەلمەيدىكەن» دەپ پەخىرلەنگەن ئىدى. شۇ سەۋەپتىن ئۇ 18 پۈچەك يارماققا سېتىلدى.

بەس! يۈسۈپ ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاكىلىرى بەيئى شەرئى ① قىلىشتى، پۇلدىن ھەر قايسىسى ئىككى يارماقتىن ئېلىشتى، يەھۇدا ئالمىدى. بۇلار يەنە:

— ئەي مالىك، بۇنى ساڭا ساتتۇق، لېكىن، 3 شەرتىمىز بار: بىرىنچىسى، ئايىغىغا زەنجىر سالغىن؛ ئىككىنچىسى، قاتتىق ياغاچقا مىندۈرگىن؛ ئۈچىنچىسى، يىراق يەرگە ئاپىرىپ ساتقىن،— دېيىشتى.

مالىك قوبۇل قىلدى.

شەمئۇن ھۆججەت يازدى:

«بىسمىللاھىر رەھمانىر رەھىم. بىزكى ياقۇپ پەيغەمبەرنىڭ ئوغلانلىرى: بىرىنچى روبىل، ئىككىنچى شەمئۇن، ئۈچىنچى يەھۇدا، تۆتىنچى لاۋىيە، بەشىنچى جاۋدان، ئالتىنچى يەشەجەر، يەتتىنچى زىيالۇن، سەككىزىنچى قازورا، توققۇزىنچى نەفتال، ئونىنچى دانە، ئىسمىمىز يېزىلغان بۇ 10 كىشى يۈسۈپ ئاتلىق قۇلىمىزنى مالىك زىغىر خەزائىمغا 18 پۈچەك يارماققا ساتتۇق.

① بەيئى شەرئى — شەرئەت سودىسى مەنىسىدە — م.

ئوغرى، قاچقاق، يىغلاڭغۇ دېگەن بۇ 3 ئېيەۋنى ئېيتتۇق. 3 ئې-
يەۋى بىلەن قوبۇل قىلدى. ئايىغىغا زەنجىر سالغاي، قاتتىق
ياغاچقا مىندۈرگەي، يىراق يەرگە ئاپىرىپ ساتقاي، دېگەن 3
شەرتىمىزنىمۇ قوبۇل قىلدى.»

ئۇلار بۇ خەتكە موھورىنى بېسىشتى ۋە يۇسۇپ ئەلەيھىس-
سالامنى مالىك زىغىر خەزانىغا تاپشۇردى.

*

نەقىل كەلتۈرۈلۈشىچە: پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەت ئەلەيھىس-
سالام زامانىدا بىر قېتىم ھېيت بولدى. رەسۇلىللا ھېيتگاھدىن
كېلىۋاتقاندا ئۇششاق باللار: «بىزگە ھېيتلىق ياڭاق ئېلىپ
بېرىڭ» دەپ تۇرۇۋالدى. رەسۇلىللا بەكمۇ تەڭلىكتە قالدى.
ئاخىرى: «مېنى سېتىڭلار، بىر كىشى ياڭاق بېرىپ ئالىدۇ» دې-
دى. ئۇ گۈدەكلەر رەسۇلىللانىڭ ئېتىكىنى تۇتۇشۇپ تۇرغان
ئىدى، ھەزرىتى ئۆمەر كۆرۈپ قېلىپ، باللارغا ھەيۋە قىلدى.
رەسۇلىللا: «بۇ باللار مەندىن ياڭاق تىلىدى، مېنى ياڭاققا
ساتماقچى بولدى» دېدى. ھەزرىتى ئۆمەر 6 ياڭاق بېرىپ ئالدى.
رەسۇلىللا: «مىنىڭ رەھمەت بۇرادىرىم، يۇسۇپكە ئاكىلىرى يىگىرمە
دەرەم باھا قويۇپ، 18 دەرەمگە ساتقان ئىدى» دەپ شۈكرى قىلدى.

*

ئەمدى مەقسەتكە كېلىمىز: ئاكىلىرى يۇسۇپ ئەلەيھىسسا-
لامنى مالىك زىغىرغا تاپشۇرۇپ قايتىدىغان بولدى. لېكىن،
يەنە: «مۇبادا يۇسۇپ قېچىپ ئاتىمىزنىڭ ئالدىغا بارسا، بىزنى
شەرمەندە قىلىپ قويمىسۇن» دەپ ۋەھىمە قىلىپ، كارۋان ئۇ-
زاپ بېرىلغىچە ئۇيىگە قايتماي توختاپ تۇردى.

سەھەردە كارۋان ماڭىدىغان بولدى. يۇسۇپ ئەلەيھىسسا-
لام مالىكتىن رۇخسەت سورىدى:

— ئەي مالىك، بىر كىشى قوشاڭ، ئاكىلىرىم بىلەن خوشلۇشۇپ كەلسەم، كىچىكلىكىمدىن تارتىپ ئۇلار بىلەن بىللە چوڭ بولغان ئىدىم.

— ئۇلار سېنى قۇلىمىز، دەپ ساتتى، سەن ئۇلارنى ئاكام دەيسەنغۇ؟ — دېدى مالىك ۋە بىرەيلەننى قوشۇپ ئەۋەتتى.

يۇسۇپ ئەلەيھىسسالام ئايىغىغا زەنجىر سېلىنغان ھالدا يىقىلىپ - قوپۇپ، ئاكىلىرىنىڭ ئالدىغا باردى. يۇسۇپ ئەلەيھىسسالامنى بۇ ھالدا كۆرگەن ئاكىلىرى ئۇيالغانلىقىدىن يۈزىگە قارىيالماي ئارقىسىنى قىلىپ تۇرۇشتى.

— ئەي قېرىنداشلىرىم، بۇ ئىشنى ماڭا قىلدىڭلار، باشقا كىشىلەرگە ھەرگىزمۇ قىلماڭلار. قېرى ئاتامدىن مېنى ئايرىۋەتتىڭلار، قىيامەت كۈنى نىمە دەپ جاۋاپ بېرەرسىلەر؟ تەقدىر ئىلاھى شۇنداق ئىكەن، ئەمدى رىزادىن باشقا چارە يوق، - دېدى يۇسۇپ ئەلەيھىسسالام، - ئاتامغا مەندىن سالام ئېيتىڭلار، ئاتام مەن ئۈچۈن كۆپ ھەسرەت - نادامەت چېكىدىغان بولدى-دە ئەمدى.

يۇسۇپ ئەلەيھىسسالام ھەر قايسى ئاكىسى بىلەن ئايرىم-ئايرىم خوشلىشىپ، نۆۋەت يەھۇداغا يەتكەندە، يەھۇدانىڭ بوينىنى قۇچاقلاپ تۇرۇپ، قاتتىق ئاۋاز بىلەن ھۇ تارتىپ يىغلىۋەتتى ۋە شۇنداق دېدى:

— ئەي، جاندىن ئەزىز قېرىندىشىم! ماڭا ھەممىدىن ئارتۇق مېھرىۋان ئىدىڭىز، ئەمدى ياشىنىپ قالغان ئاتامغا

پەرزەنتلىك خىزمىتىنى يەتكۈزۈڭ، ئىنىسىم بۇنىيامىن ۋە زەينە ئىسىملىك سىڭلىمەدىن قېرىنداشلىق مېھرىنى ئۈزمەي، ئۇلارغا ھەمىشە شەپقەت قىلىپ تۇرغايسىز.

ئۇندىن كېيىن ھەممەيلەنگە قاراپ يەنە:

— سىلەر سالغان جاپا ياتلارنىڭ ۋاپاسىدىن ياخشىراقتۇر، غېرىپلىق يېرىگە بېرىپ قانداقمۇ جان ساقلارمەن؟ ھېلىھەم رەھىم قىلىپ مېنى يات كىشىلەردىن ئايرىپ ئالساڭلار، — دەپ نالە - پەرياد قىلدى.

لېكىن، ئاكىلىرى قوبۇل قىلمىدى. يۈسۈپ ئەلەيھىسسالام ئۇلارغا قارىغان پېتى يولغا چۈشۈپ، مالىك زىغمرنىڭ قېشىغا كەلدى، كارۋان قوزغالدى. مالىك يۈسۈپ ئەلەيھىسسالامنى بىر قاتتىق ئىنگەرگە مىندۈردى - دە، يولغا راۋان بولدى.

مالىك يۈسۈپ ئەلەيھىسسالامنى ئەپلەھ ئىسىملىك بىر قۇلغا تاپشۇردى. ئۇلار يولدا كېتىۋېتىپ يۈسۈپ ئەلەيھىسسالامنىڭ ئانىسىنىڭ قەۋرىسى بار جايغا يېتىپ كەلدى. قەۋرىنى كۆرۈپ يۈسۈپ ئەلەيھىسسالامدا شۇنداق بىر روھىي - ھالەت يۈز بەردىكى، پۈتۈن ئەزالىرى سۇ بولۇپ، بەدەنلىرى قوغۇشۇندەك ئېرىپ، سىماپتەك لىغىلداپ، تاقەتسىزلىك بىلەن: «ئاھ ئاتام، ئاھ ئانام!» دېگىنىچە ئۆزىنى توگىدىن تاشلىدى. ئانىسىنىڭ قەۋرىسىنى قۇچاغلاپ، ئاپتاپتەك يۈزىنى قارا تۇپراققا قويۇپ، ئاھ دەردىڭ! دەپ يىغلاپ كەتتى. ئۇنىڭ يىغىسىدىن تەسىرلەنگەن ھاۋادىكى قۇش، دەريادىكى بېلىقلارمۇ پىغانغا چۈشتى. ئۇ، مۇبارەك يۈزىنى ئانىسىنىڭ مۇبارەك قەۋرىسىگە سۈركەپ يىغلاپ:

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

— ئەي ئانا، سىزدىن ئايرىلىپ، يەنە ئاتامدىن ئايرىلدىم، يەنە تېخى قول بولۇپ سېتىلدىم. نازۇك بەدىنىم ئورۇقلىدى ۋە ياغاچ لىڭگىچاق ئۈستىدە يەنجىلدى، قول - ئاياقلىرىم ئېغىر زەنجىردە جاراھەتلەندى. ئاھ، مېھرىۋان ئانا، كاشكى تىرىك بولغان بولسىڭىز مۇشۇ ھالىمنى كورگەن بولاتتىڭىز، - دەپ، پەلەكنىڭ جەبىر - جاپالىرىدىن شىكايەت قىلىشقا باشلىدى.

ئەپلەھ نېرىراق بېرىپ قارىسا، يۈسۈپ ئەلەيھىسسالام توگىدىن چۈشۈپ قېچىپتۇ. بۇ خەۋەرنى ئاڭلىغان مالىك:

— ساتقان كىشىلەرمۇ قاچقاق دىگەن ئىدى. ئىزدەپ تېپىڭلار، - دەپ بۇيرىدى. ھەممىسى تەرەپ - تەرەپتە ئىزدەشتى.

ئەپلەھ يېتىپ كېلىپ قارىسا، يۈسۈپ ئەلەيھىسسالام بىر قەۋرىنى قۇچاقلاپ ياتقان ئىكەن. ئەپلەھ زالىم ھەيبەت ئىدى، ئۇ: «ھۇ، ئوغرى قول!» دەپ تىللاپ، يۈسۈپ ئەلەيھىسسالامنى بىر كاچات ئۇردى. ئۇنىڭ كوزلىرىدىن ئوت چاقناپ كەتتى. ئەپلەھ ئۇنى پۇتىدىن سورەپ ئېلىپ باردى. يۈسۈپ ئەلەيھىسسالامنىڭ كوزىگە ئالەم قاراڭغۇچىلىق بولۇپ كورۈندى، ئېغىز - بۇرۇنلىرىغا توپا كىردى، كوڭلى دەرت - ئەلەمگە تولدى. ئۇ، ھاجەتلەرنى راۋا قىلغۇچى قازى - تەڭرىنىڭ دەرگاھىغا سېغىنىپ يىغلاپ تۇرۇپ مۇناجات قىلدى:

ئىلاھا قادىرا، بىچارىدۇرمەن،
ئانامدىن ئايرىلىپ ئاۋارىدۇرمەن.

ماڭا سەندىن بولەك پەريادرەس ① يوق،
ماڭا رەھىم ئەيلىمەككە ھېچكىشىم يوق.

بىلەلمەسمەن ئۆزۈم نەدۇر گۇناھىم،
پاناھىڭغا سېغىنارمەن ئىلاھىم.
بالالار كەلتۈرەرسەن ھەرنە قاتتىق،
قىلارسەن خەلق ئارىسىدا ئۇياتلىق.

ئۇنىڭ نالە - زارىنىڭ تەسىرىدىن ئاسمانىدىكى مالا-ئىكىلەرمۇ:
- خۇدايا - خۇداۋەندا، بۇ يېتىم بىچارىنىڭ ھالىغا يەت-كىن. بۇنىڭ نالىسىگە قۇلاق سېلىشقا بىزدە تاقەت قالمىدى،-دەپ مۇناجات قىلىشتى.
ئۇنىڭغا جاۋابەن تەكرىدىن:
- ئەي پەرىشتىلەر، مەن سىددىقىم②نى سىناپ كورۈۋا-تىمەن، مېھنەت - مۇشەققەت بوتىسىغا سېلىپ ئېرىتىپ، تازا-ساپ قىلىپ چىقىمەن، - دەپ خىتاپ كەلدى.
شۇ ئەسنادا يۈسۈپ ئەلەيھىسسالام يەنە مۇناجات قىلىپ:
- ئىلاھا خۇداۋەندا، مەن ئانامنىڭ پىراقىدا مېھنەت ۋە مۇشەققەتتە كەلسەم، ئۇنىڭ ئۈستىگە سەرگەردان بولغان تۇر-سام، مېنىڭ يۈزۈمگە كاچات ئۇرۇپ ئەپلەھ دىگەن قۇل ماڭا

① پەريادرەس — دەردى-ھالىغا يەتكۈچى دىگەن مەنىدە-م.
② سىددىق — راست كىشى، راست سۆزلىگۈچى مەنىسىدە-م.

كۆپ ئەلەم قىلدى، پەراق ئوتىدا كۆيگەن ۋۇجۇدۇمنى تېخىمۇ ئۆرتىدى. بىر بالا ئەۋەتىپ كارۋان خەلقىغە ئۆز قۇدرىتىڭنى كۆرسىتىپ قويساڭ نە بولغاي، دەپ دۇئا قىلدى.

ئۇنىڭ دۇئاسى ئىجاۋەت بولۇپ، دەرھال شامال چىقتى، ئالەمنى قارا بوران باستى، جىمى جاھاننى قاراڭغۇلۇق قاپلىدى. بوران ھەر سائەت سېرى كۈچەيدى. يورۇق كۈندۈز قاراڭغۇ كېچىگە ئايلاندى. بوران يەرنىڭ تاش - تۇپرىقىنى ئۇچۇرۇپ، كۆزگە ئۇرۇپ، ھېچكىمنى كۆز ئاچتۇرمىدى. كارۋان يولنى يوقىتىپ قويدى. مالىك زىغىر كارۋانلارنى يىغدى ۋە شۇ جايغىلا چۈشۈردى. ھەممىسى مال ۋە جاندىن ئۈمىت ئۈزگەن ئىدى. شۇڭا، ئۇلار جىق نەرسىلەرنى نەزىرىگە ئاتىدى.

— بۇ كارۋان ئىچىدە خۇداغا گۇناھ قىلغان كىشى بولسا، تەۋبە قىلسۇن، بىرەر ئادەمگە ئازار بەرگەن كىشى بولسا، ئۆزرە ئېيتسۇن، خۇدا بۇ بالالارنى دەپئى قىلسا ئەجەپ ئەمەس، - دېدى مالىك.

ئەپلەھ مالىكقا ئەھۋالنى بايان قىلدى. مالىك دەرھال ئورنىدىن تۇرۇپ، ئالاھىدە يۇسۇپ ئەلەيھىسسالامنىڭ ئالدىغا كېلىپ:

— ئەي يۇسۇپ، ئەپلەھ دېگەن قۇل سېنى بىلمەسلىكتىن بىئەدەپلىك، بىھۆرمەتلىك قىلغان ئىكەن، سەن ئەپۇ قىلىپ، ئۇنىڭ گۇناھىدىن ئۆتكىن. شۇندا بۇ بالا بىزدىن دەپئى بولسا ئەجەپ ئەمەس، - دېدى ۋە ئەپلەھنى ئېلىپ كېلىپ يۇسۇپ ئەلەيھىسسالامنىڭ ئايىغىغا يىقىتتى. يۇسۇپ ئەلەيھىسسالام ئەپلەھنىڭ گۇناھىنى ئەپۇ قىلدى ھەم كۆڭلى ئېچىلىپ كۈلدى.

شۇ زامان بوران پەسلىدى، ھاۋا ئېچىلدى، ئاپتاپ چىقىپ ئالەم روشەن بولدى. ھەممە كارۋان ئەھلى خوشاللاندى. مالىك بۇ كارامەتنى كورۇپ، يۇسۇپ ئەلەيھىسسالامغا ئىززەت - ئىكرام قىلىشقا باشلىدى. ئۇ، يۇسۇپ ئەلەيھىسسالامنىڭ قول - پۇتىدىكى زەنجىر - كىشەنلەرنى ئېلىپ، ئۇستىگە شاھانە كىيىملەر كەيگۈزدى. كوپ ئىززەت - ھورمەتىنى قىلىپ كوڭلىنى ئالدى. ئۇ، يۇسۇپ ئەلەيھىسسالامنى ئىززەتلەپ بىر سىمىز توگىگە مىندۈردى ۋە:

— ئەي ئوغلۇم يۇسۇپ، سەن ھەممە كارۋانلارنىڭ ئالدىدا ماڭغىن، باشقىلار سېنىڭ كەينىڭدىن ماڭسۇن، - دېدى.

ئۇلار يولغا چىقىشتى. يۇسۇپ ئەلەيھىسسالام ماڭغان چېغىدا، ھەمىشە ئۇنىڭ ئۇستىدە بىر بولۇت سايە چۈشۈرۈپ باراتتى، كارۋانلار بۇ ئىشتىن ھەيران بولۇشاتتى. كارۋانلار مالىككە:

— ئەي مالىك، بۇ ئوغۇل خۇداغا يېقىن ئىكەن، بۇنىڭ كوڭلىنى ھەرگىز ئاغرىتمىغىن، - دېيىشتى.

مالىك يۇسۇپ ئەلەيھىسسالامدىن سورىدى:

— ئەي يۇسۇپ، قايسى كۇنى توگىدىن چۈشۈپ قېلىپ قاچماقچىمىدىڭ؟

— نەئۇزۇبىللا ① ھەرگىز قاچمايتتىم، دېدى يۇسۇپ ئەلەيھىسسالام، - يول ئۇستىدىكى گورىستاندا ئانامنىڭ قەۋرىسى بار ئىدى، ئۇنىڭ بىلەن ۋىدالىشىش ئۇچۇن بارغان ئىدىم.

*

① نەئۇزۇبىللا — پاناھ تىلەيمەن دېگەن مەنىدە — م.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

شۇنداق قىلىپ مىسىرغا بېرىشقا بىر كۈنلۈك يول قالدى. ئۇ يەردە بىر بۇلاق بار ئىدى، كارۋانلار شۇ بۇلاقنىڭ لېۋىگە چۈشتى. مالىك:

— ئوغلۇم يۈسۈپ! سۇغا چۈشۈپ، يولنىڭ توپا - چاڭلىرىنى يۇغىن، ساڭا شاھانە كىيىملەر كەيگۈزىمەن. ئەتە ھەممە ئادەم بىزنىڭ ئالدىمىزغا چىقىدۇ، - دېدى.

يۈسۈپ ئەلەيھىسسالام بۇلاقنىڭ لېۋىگە كېلىپ كىيىملىرىنى يەشكەن ئىدى، ئۇ بۇلاقتىن بىر ئەجدىھا چىقىپ ياتتى، ھەممەيلەننىڭ يۈسۈپ ئەلەيھىسسالام ئۈچۈن ئىچى ئاغرىدى، ھەممەيلەن ئەپسۇسلاندى. يۈسۈپ ئەلەيھىسسالام سۇغا چۈشۈپ چىقىپ كىيىملىرىنى كىيىپ بولغىچە ئۇ ئەجدىھا بۇلاق بويىدا ياتتى، ئاندىن كېيىن غايىپ بولدى. ئۇ، ئەسلىدە بىر پەرىشتە ئىدى.

يەنە بىر راۋايەتتە ئېيتىلىشىچە، مالىك خىزمەتكارلىرىغا: يۈسۈپنى دەريا بويىغا ئاپىرىپ سۇغا چۈشۈرۈپ، كوكۇللىرىنى تاراپ، يولنىڭ چاڭ - تۇزاڭلىرىدىن پاكلاڭلار، - دەپ بۇيرىدى. خىزمەتكارلار يۈسۈپ ئەلەيھىسسالامنى دەريا لېۋىگە ئېلىپ كەلگەن ئىدى. يۈسۈپ ئەلەيھىسسالام:

— ئىلاھا خۇداۋەندا، بىر پەردە بولسا ئىدى، بەدىنىمنى ھېچكىشى كۆرمىسە بولاتتى، - دەپ مۇناجات قىلدى.

ئاللاتائالا ئىن مىجان ئاتلىق بىر بېلىققا ئەمىر قىلدى. بېلىق كېلىپ دەريا لېۋىدە تۇرۇپ، قۇيرىغى بىلەن پەردە ھاسىل قىلىپ تۇردى. يۈسۈپ ئەلەيھىسسالامنىڭ بەدىنىنى ھېچكىم كۆرمىدى. ئۇ بېلىق ئاللاتائالاغا مۇناجات قىلىپ دېدىكى:

— ئىلاھا، يۈسۈپنىڭ ھەققى - ھۆرمىتىدىن ماڭا بىر

نەرسە كارامەت قىلغىن، جىمى بېلىقلار ئىچىدە ئەڭ نامدارى بولاي، تا قىيامەتكىچە نامىم ئۆچمىسۇن.

ئاللاتائالا ئۇ بېلىققا ئىككى پەرزەنت ئاتا قىلدى، ئۇنىڭ بىرسى يونۇس ئەلەيھىسسالامنى 40 كۈن قورسىقىدا ساقلىدى، بىرسى سۇلايمان ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۈزۈكىنى قىرىق كۈن قورسىقىدا ساقلىدى.

شۇنداق قىلىپ يۈسۈپ ئەلەيھىسسالام سۇدىن چىقىپ مالىكنىڭ ئالدىغا كەلدى، ئۇنىڭ ھۆسنى تېخىمۇ چىرايلىق بولۇپ كەتكەن ئىدى. مالىك ئۇنى بۇ ھالدا كۆرۈپ، يەنە شاھانە تونلارنى كەيگۈزدى. بېشىغا ئالتۇن تاج كەيگۈزدى ۋە بىلىگە بېزەكلىك كەمەر باغلىتىپ، مەپىگە ئولتۇرغۇزغان ئىدى، بىر ھۆسنى مىڭ بولۇپ كەتتى. ھەممە خەلقنىڭ كۆزى خىرە، ئېقىللىرى لال بولۇپ قالدى. شاملىقلار شام يولىنى ئۇنتۇپ، ھەممىسى مىسىرغا كېلىشتى.

*

مالىك يۈسۈپ ئەلەيھىسسالامغا ياخشى تونلارنى كەيگۈزۈپ، زىبۇ - زىننەتلەر بىلەن مەپىگە ئولتۇرغۇزۇپ، ھەممىنىڭ ئالدىدا ماڭدۇرۇپ، مىسىرغا ئۇزاتقان چاغدا، مىسىر خەلقىنىڭ قۇلىقىغا: «مالىك زىغىر خەزائى ئاسماندىكى ئاينى ئېلىپ كەلگەن ئىمىش، ھەر كىم ئۇنىڭ يۈزىگە قارىسا، كۆزى خىرە بولار ئىمىش، ئۇنىڭ ھۆسنى - جامالىدىن ئاي بىلەن كۈننىڭ يۈزى قارىيىپ كېتەر ئىمىش» دىگەن خەۋەر بېرىپ يەتكەن ئىدى. مىسىرنىڭ بارلىق چوڭ - كىچىك ۋە ئەر - خوتۇنلىرىنىڭ ھەممىسى تاماشا كۆرۈش ئۈچۈن ئۇنىڭ ئالدىغا چىقتى، ھەممە كىشىنىڭ كۆزى

يۇسۇپتە بولدى. بىرپارچە ئاق بۇلۇت يۇسۇپ ئەلەيھىسسالامنىڭ بېشىغا سايە چۈشۈرۈپ كېلىۋاتاتتى. ھەممە خەلق ئىنتىزار ۋە شەيدا بولۇشقان ئىدى. يۇسۇپ ئەلەيھىسسالامنى بىر كۆرگەنلەر يەنە بىر كۆرۈشنى ئارزۇ قىلىشاتتى. ھەممىسى يۇسۇپ ئەلەي-ھىسسالامغا خېرىدار بولدى. ئۇلار ئالتۇن - كۈمۈش، ئۈنچە - مارجان، ئات - كالىلىرىنى، ھەتتا ئۆز جانلىرىنى بېرىپ ئۇنى سېتىۋالغىسى كەلدى.

مالىك يۇسۇپ ئەلەيھىسسالامنى ئۆز ئۆيىگە باشلاپ كىرىپ، پەردە ئىچىدە ئولتۇرغۇزدى.

نەقىل كەلتۈرۈلۈشىچە، ئۇ يىللاردا مىسىر خەلقىنىڭ ھالى تولىمۇ خاراپ ئىكەن؛ نىل دەرياسىنىڭ سۈيى كېمىيىپ كېتىپ، قۇرۇقلۇققا سۇ چىقمىغاچقا، دەل - دەرەخ ۋە زىرائەتلەرنىڭ كۆپى قۇرۇپ كەتكەن ئىكەن. يۇسۇپ ئەلەيھىسسالام مىسىرغا بارغاندىن كېيىن، سۇلار چىقىپ، دەرەخلەر كۆكىرىپ، ئاچلار تويۇپتۇ، يالىڭاچلار كىيىنىپتۇ.

شۇنداق قىلىپ مالىك يۇسۇپ ئەلەيھىسسالام ئولتۇرغان سارايىنىڭ ئۈستىگە ئالتۇن قۇببە چىقاردى، بىر مەنزىرىلىك ئايۋاننى نەقىشلەپ شاھلارغا مۇناسىپ گىلەم - بىساتلارنى سالدى. ئالدى تەرەپكە كەڭ مەيدان ياساپ، 4 تەرەپنى دائىرىگە ئالدى. جۈمە كۈنلىگى ھەممە خەلق شۇ يەرگە يىغىلدى. مىسىر پادىشاسى - رويان شاھ ئىدى، يۇسۇپ ئەلەيھىسسالامنىڭ خەۋىرى ئۇنىڭغا ئاڭلانغاندىن كېيىن، ئۇ:

— بېرىپ كۆرۈپ كەلگىن، كىشىلەر ئېيتقاندەك بولسا مەن ئالىمەن، - دەپ بىر ئادەم ئەۋەتتى. ئۇ كىشى بېرىپ كۆرۈپ:

— كىشىلەر ئېيتقاندىن يۈز چەندان ئارتۇق ئىكەن، — دەپ تەرىپلەپ كەلدى.

شاھ رويياننىڭ بىر ۋەزىرى بولۇپ، ئىسمى ئېزىزىمىسىرى دەپ ئاتىلاتتى. شاھ رويان ئېزىزى مىسىرىگە:

— بېرىپ، ئۇ قۇلنى كۆرۈپ كەلگىن، بىزدىن باشقا كىشىگە بەرمىسۇن، — دەپ بۇيرىدى.

ئېزىزى مىسىرى كېلىپ، يۈسۈپ ئەلەيھىسسالامنىڭ تەخت ئۈستىدە ئىززەت — ھۆرمەت، تاجى — دۆلەت، شانۇ — شەۋكەت ۋە ھۆسنى — لەتاپەت بىلەن ئولتۇرغىنىنى كۆرۈپ، ئۇنىڭغا جان — دىلى بىلەن ئاشىقى — شەيدا بولدى، ئۇنىڭ كاللىسىدىن ئەقلى — ھوشى ئۇچتى ۋە سۆزلىگۈدەك تاقىتى قالمىدى. ئۇ، مالىك زىغىرغا روياننىڭ سۆزىنى ئېيتىپ قويۇپ قايتىپ كەلدى. ئەتىسى مالىك زىغىر يۈسۈپ ئەلەيھىسسالامغا يەنە باشقا رەڭلىك سەرپا كەيدۈردى. ئۈستىكى كىيىمىنىڭ توپىسىگە گۆھەر بىلەن كۆز قويۇپ تەييارلانغان شاھانە ئالتۇن كەمەرنى باغلاپ، خۇددى مەست تاۋۇستەك① جابدۇدى ۋە بازارغا ئېلىپ بېرىپ قىممەت باھالىق بىساتلار ئۈستىگە ئالتۇن كۇرسى قويۇپ ئولتۇرغۇزدى. يۈسۈپ ئەلەيھىسسالامنىڭ ھۆسنى — لەتاپىتى تېخىمۇ زىيادە بولۇپ كەتكەچكە، كىم كېلىپ كۆرسە بىجانىدىل خېرىدار بولاتتى. مالىك زىغىر ئىككى جاكاچى ئەپكەلدۈرۈپ جاكالاتتى. جاكاچىلار توۋلاپ تۇرۇپ دېيىشتى:

— قۇل ئالىدىغانلار بارمىدۇر؟ بۇ، شۇنداق بىر لەتاپەتلىك ۋە خۇشچىراي قۇلكى، ئادەم پەرزەنتى بۇنداق ساھىپ جامال

① تۈزدەك گۈزەل — چىرايلىق مەنىسىدە — م.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ۋە خۇشخۇي بولماس، باھاسىغا يېتىپ ئالىدىغان كىشى بارمىدۇر؟

ئۇنى ئاڭلىغان يۇسۇپ ئەلەيھىسسالام ھەرۋايىتتىدىك كۆز ياشلىرىنى ئاققۇزۇپ تۇرۇپ:

— ھەي جاكاچىلار! ئۇنداق دېمەڭلار: دۇۋىيتىم، غېرىپ، ئاجىز، ئورۇق، مىسكىن قۇلنى ئالىدىغانلار بارمۇ؟ دەڭلار: ئۇرۇق - تۇققان، ئاتا - ئانىسىدىن ئايرىلىپ ئەسىر بولغان قۇلنى ئالىدىغانلار بارمۇ؟ دەڭلار - دېگەن ئىدى، جاكاچى دەللاللار:

— بىز راس گەپنى قىلىمىز، - دېيىشتى.

— ئۇنداق بولسا، - دېدى يۇسۇپ ئەلەيھىسسالام، - راستىنى ئېيتىدىغان بولساڭلار ئىبراھىم خەلىلۇللانىڭ ئەۋرىسى، ئىسھاق نەبىيۇللانىڭ نەۋرىسى، ياقۇپ ئىسرائىلۇللانىڭ ئوغلى يۇسۇپ سىددىقۇللانى ئالىدىغانلار بارمۇ؟ - دەڭلار.

بۇ گەپنى ئاڭلىغان جاكاچىلار ھەيران بولۇپ تۇرۇشۇپ قالدى. مالىك زىغىرنىڭمۇ كاللىسىدىن ھوشى قاچتى. ئۇ، كېلىپ يىغلاپ تۇرۇپ دېدى:

— ئاشۇ كۈنى بۇ سوزنى مەلۇم قىلغان بولسىڭىز، مەن قۇل دەپ ئالمىغان بولاتتىم، قۇل دەپ شان - شوھرەت قىلمىغان بولاتتىم، ئەمدى ئىش بۇ يەرگە يەتكەندە نىمە قىلماق كېرەك؟

— ئۇ چاغدا، مەن قۇل دېمىگەن بولسام ئۇلار مېنى ئۆلتۈرەتتى. ئۆز ئېتىقادىمدا خۇدانىڭ قۇلىمەن، دەپ شۇنداق دېگەن ئىدىم، - دېدى يۇسۇپ ئەلەيھىسسالام.

— كەنئان يولىدىكى باياۋاندا خۇداغا نالە قىلىپ: كوزۇمـ
مىنىڭ يورۇغى كوڭلۇمنىڭ مېۋىسى ئوغلۇم يۇسۇپۇمنى ماڭا
يەتكۈزگىن دەپ يىغلاپ يۈرگەن قېرى كىشىنىڭ ئوغلى سىزـ
مۇ؟ - دەپ سورىدى مالىك زىغىر.

— شۇنداق، ئەنە شۇ كوزى ياشلىق، ھىجران ۋە پىراق
ئوتىدا ئورتەنگەن، ھەسرەت دەرياسىغا غەرق بولغان، ئوقتەك
قەددى يادەك ئېگىلگەن ياقۇپ ئىسرائىلىللانىڭ ئوغلى،
ئىسھاق نەبىيۇللانىڭ نەۋرىسى، ئىبراھىم خېلىلىللانىڭ ئەۋرىسى
يۇسۇپ سىددىقۇللا مەن بولىمەن.

مالىك زىغىر ئوزرە ئېيتىپ، ئۇنىڭ ئايىغىغا يىقىلدى.

شاھ رويان ئېزىزى مىسىردىن «يۇسۇپنى كورۇپ كەلـ
گىن» دەپ ئەۋەتكەن كۈنى ئېزىزى مىسىرى ئۇنى كورۇپ
قايتىپ بارغاندىن كېيىن: «ئادەم بالىسىنىڭ ئىچىدە بۇنداق
كىشى يوق» دەپ كوپ تەرىپلىگەن، رويان ئۇنىڭغا: بېرىپ
باھاسىنى سوزلەشكىن، دەپ بۇيرىغان، ئېزىزى مىسىرى كەلگەن
ئىدى. مالىك:

— كىلەركى بازاردا سوزلىشەيلى، - دەپ جاۋاپ بەرـ
دى ۋە ئەتىسى يۇسۇپ ئەلەيھىسسالامغا شاھانە تون، ئالتۇن
تاج كەيدۇرۇپ، ئېسىل كەمەر باغلىتىپ، ئاتقا مىندۇرۇپ، شاھ
رويانىنىڭ قېشىغا ئېلىپ باردى.

شۇ ئەسنادا جەبرائىل ئەلەيھىسسالام كېلىپ، ئاللاتائالاـ
نىڭ سالىمىنى يەتكۈزۈش بىلەن بىللە: «يۇسۇپ غەم يېمىسۇن،
بۈگۈن قۇل بولۇپ سېتىلسا، تاڭلا پادىشالىققا يەتكۈزۈپ،
مىسىر خەلقىنىڭ ھەممىسىنى ئۇنىڭغا قۇل قىلىپ بېرىمەن. ئو،

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

بۈگۈننىڭ خارلىقىنى تارتسۇن، تاڭلىنىڭ ئىززىتىنى كورسۇن. بۈگۈن مەن ئالاي دىگەن خېرىدارلار تاڭلا مەن سېتىلاي دەپ ئىنتىزار بولسۇن. دىگەن پەرمانىنى يەتكۈزدى.

*

شۇنداق قىلىپ، پادىشا يۈسۈپ ئەلەيھىسسالامنى كوردىۋە:

— يۈزۈڭدىن نىقابىڭنى ئالغىن، — دەپ بۇيرىدى، ئۇ نىقابىنى ئالغان ئىدى، پادىشا كورۈپ زوقلاندى.

زۇلەيخامۇ ئەشۇ جايدا بار ئىدى. ئۇنىڭ كوزى يۈسۈپ ئەلەيھىسسالامغا چۈشتى. ھىكايەتتە شۇنداق كەلتۈرۈلۈپتىكى، زۇلەيخا ئېزىزى مىسىرنىڭ خوتۇنى بولۇپ، ئوزى يەمەن پادىشاسىنىڭ قىزى ئىدى. ئۇ 7 ياش ۋاقتىدا بىر چۈش كوردى، چۈشىدە: ئۇ ئەشۇ ھوسنى - لىتاپەت، سەرۇپا ۋە تاج بىلەن تۇرغان يۈسۈپ ئەلەيھىسسالامنى كورۈپ، جان-دىلى بىلەن ئاشىقى - شەيدا بولۇپ قالغان ئىدى. شۇندىن كېيىن ئۇ پىراق ئوتىغا چىدىماي، كىيىملىرىنى يىرتىپ، بەدىنىنى چىشلىۋالىدىغان بولۇپ قالدى. قىزىنىڭ بۇنداق ھالغا چۈشۈپ قالغىنىنى كورگەن ئاتا - ئانىسى ھەيران قېلىشتى. ئۇلارنىڭ زۇلەيخادىن باشقا پەرزەنتى يوق ئىدى. ھوكۇمالارنى ئېلىپ ئۇنىڭ تومۇرىنى تۇتتۇرغان ئىدى، ھېچقانداق دەرتىنىڭ ئەسىرى بىلىنمىدى. ئەمما زۇلەيخانىڭ كۈندىن - كۈنگە چىرايى سارغىيىپ ھالىدىن كېتىۋەردى. ئىككىنچى يىلى يەنە چۈشىدە يۈسۈپ ئەلەيھىسسالامنى كورۈپ: سىزنى ئىزدىسەم نەدىن تاپىمەن؟ دەپ سورىدى. يۈسۈپ ئەلەيھىسسالام: مېنى مىسىردا، ئېزىزى مىسىرنىڭ ئويىدىن تاپىسەن، دەپلا غايىپ بولدى. بىر

كۆنى ئانىسى گەپ سورىغان ئىدى، زۆلەيخا ئىلگىرى - كېيىن كورگەن چۈشلىرىنى ئانىسىغا بايان قىلدى. ئانىسى بۇ سوزنى زۆلەيخانىڭ ئاتىسىغا يەتكۈزدى. ئاتىسى ئېزىزى مىسىرىنى كۈيوغۇل قىلماقچى بولدى. ئۇ، ئېزىزى مىسىرغا: «ئەپپەت پەردىسى ئىچىدە بىر ئاجىزەمىز بار ئىدى، ھەممە ئالەم پادىشالىرى ئۇنى خالايدۇ، سىز نىمە دەيسىز؟ دىگەن مەزمۇندا خەت ئەۋەتتى. ئېزىزى مىسىرى ئۇلارنىڭ خېتىنى كورۇپ: «ئۇلار بىزنى تەن بىلەن قوبۇل قىلغان بولسا، بىز ئۇلارنى جان بىلەن قوبۇل قىلدۇق» دەپ پادىشالارنىڭ رەسمى يوسۇنلىرىدا لازىم بولىدىغان ھەممە نەرسىنى تەييارلاپ ئەۋەتتى. ئاندىن كېيىن ئۆزى بېرىپ، زۆلەيخانى مال ۋە كېنىزەكلىرى بىلەن بىللە مىسىرغا ئېلىپ كەلدى. زۆلەيخانى تەخت ئۈستىدە ئولتۇرغۇزۇپ، ئوزى يېنىدا ئولتۇردى. زۆلەيخا بىر كېنىزىكىدىن:

— بۇ، كىم بولىدۇ؟ — دەپ سورىدى.

— ئېزىزى مىسىرى دىگەن شۇ، — دەپ جاۋاپ بەردى كېنىزەك.

بۇ سوزنى ئاڭلىغان زۆلەيخا بىر ئاھ تارتىپ، بىھۇش بولۇپ يىقىلدى ۋە بىر ھازادىن كېيىن ھوشىغا كېلىپ:

— مەن مۇشۇنداق زايا بولۇپ كېتەرمەنمۇ؟ چۈشۈمدە كورگەن كىشى بۇ ئەمەسقۇ!، — دىدى.

— چۈشۈڭىزدە كورگەن، سىزنى مۇرادىڭىزغا يەتكۈزىدىغان ئېزىزى مىسىرى دىگەن ئەشۇ، - دىيىشتى كېنىزەكلەر. زۆلەيخا:

— ئەمدى سەۋرى قىلماقتىن باشقا چارە يوق، ئىنشا-

ئاللا مۇرادىمغا يېتەرمەن، – دەپ ئۆزىگە تەسەللى خاتىر بەردى.

لېكىن ئېزىزى مىسىرى زۇلەيخانى كورۇپلا ئۇنىڭغا پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن ئاشىق – شەيدا بولغان ئىدى. ئەمما، ئاللاتائالا ئېزىزى مىسىرىگە زۇلەيخا بىلەن بىللە يېتىشنى نېسىپ قىلمىدى. ھەر كېچىسى بىر جىننى نېسىپ قىلدى. جىن زۇلەيخانىڭ سۈرىتىدە بولۇپ، ئېزىزى مىسىرى بىلەن بىللە ياتاتتى، زۇلەيخا قىز پېتىچە يۈرۈۋېرەتتى. ئاللاتائالا زۇلەيخانىڭ قىزلىغىنى يۈسۈپ ئەلەيھىسسالامغا نېسىپ قىلغان، ئۇلار ئەنە شۇنداق يۈرۈۋەرگەن ئىدى.

يۈسۈپ ئەلەيھىسسالامنى پادىشانىڭ قېشىغا ئېلىپ بارغان ئۇ كۈنى مىسىر مەملىكىتىنىڭ ھەممە ئەمىر – ئۇمەرا، ۋەزىر – ۋۇزرا، ئاكابىر – ئەشرەپ ۋە بارلىق ئەر – ئاياللىرى تامامەن يىغىلغان ئىدى. خەلقنىڭ ھەممىسى: «بۇ ئوغۇل ئادەم ئەمەس، پەرىشتە ئىكەن» دېيىشەتتى. ئەمما، زۇلەيخا ئۇنى تونۇپ: «چۈشۈمدە كورگەن كىشىم ئەشۇ ئىكەن» دەپ ھوشىدىن كەتتى. بىللە بارغان كېنىزەكلىرى: يەنە نېمە ئىش بولدى؟ – دەپ سورىغان ئىدى، ئۇ:

– ئەشۇ چۈشۈمدە كورگەن ساھىپ جامال يىگىت شۇ، بۈگۈن مەقسىدىمگە يەتتىم، – دېدى ۋە ئېزىزى مىسىرىگە:

– ئۇ قۇلنى سىز ئېلىڭ، بىزنىڭ قۇلىمىز بولسۇن، – دېدى. لېكىن ئۆزىنىڭ قۇل بولۇشىدىن خەۋىرى يوق ئىدى.

– ئۇنىڭ باھاسىغا يەتكىدەك بىزنىڭ مېلىمىز يوق، – دېدى ئېزىزى مىسىرى.

— بىز ئىككىمىز بارلىق مېلىمىزنى يىغىپ بېرەيلى، — دې
دى زۇلەيخا، — قالغىنىغا مەن يەنە يەمەنگە ئادەم ئەۋەتىپ،
ئاتامدىن مال كەلتۈرۈپ بېرەي.

ئۇنىڭدىن كېيىن زۇلەيخا شاھ رويان قېشىغا بېرىپ:

— ئىجازەت بەرسىڭىز، شۇ قۇلنى بىز ئالساق، — دەپ
ئىلتىماس قىلدى.

پادىشا ئۇنىڭ ئىلتىماسىنى قوبۇل قىلدى. پادىشانىڭ رۇخ-
سىتى بىلەن زۇلەيخا خوشال - خورام ھالدا ئۆيىگە ياندى ۋە
كېلىپلا ئېزىزى مىسىرىگە:

— ئەي ۋەزىر، مەن پادىشادىن رۇخسەت ئېلىپ كەلدىم،
ئەمدى بۇ قۇلنىڭ باھاسىغا تولەيدىغان نەرسىلەرنى يىغىش
كېرەك. ئۇنى ئالماي قولدىن چىقىرىۋەتسەك، ئات - نومۇسىمىز
ئۇچۇن ياخشى ئەمەس، — دىدى ۋە پۇل - ماللىرىنى جەمل-
ەكچى بولدى.

مالىك زىغىر يۇسۇپ ئەلەيھىسسالامنىڭ پەيغەمبەر زادە
ئىكەنلىكىنى ئاڭلاپ: بۇ زاتى پاك، سىددىقۇللا سۈپەتلىك ئۇلۇغ
كىشىنى قۇل دەپ ساتسام، تاڭلا قىيامەتتە نىمە دەپ جاۋاپ بې-
رەرمەن، دەپ ئويلاپ، يۇسۇپ ئەلەيھىسسالامغا دىدى:

— ئەي يۇسۇپ، مەن سىزنى ساتمايمەن، خالىسىڭىز سىز-
نى ئوزەمگە پەرزەنت قىلىۋالاي، بۇنىڭغا ئۇنىمىسىڭىز، بېرىپ
ئاتىڭىزغا تاپشۇراي.

— ئەي مالىك، — دىدى يۇسۇپ ئەلەيھىسسالام، — ئاللاتائالا
ئىرادە قىلسا، ئاتامغا ئوزى تاپشۇرىدۇ. ئەگەر ئېزىز قىلسا، قۇل
دەپ ساتقان بىلەن خار بولمايمەن. مېنى ئۇممەت بىلەن كەل-

www.uyghurkitap.com

تۇردۇق، بىرەر نەرسە بىلەن بەھرىمەن بولغىن، سېنى ئەپۇ قىلدىم.

— ئەي يۇسۇپ، — دېدى مالىك زىغىر، — زەردارلىقتا مېنىڭ ئەسلا كەمچىلىكىم يوق، ئەمما پەرزەنتىم يوق، شاخ - پۇتىغىم يوق، تاپقان مېلىم دۈشمەنلىرىمگە قالمىسۇن. سىزدىن ئۈممىدىم شۇكى، بىر دۇئا قىلسىڭىز، ئاللاتائالا ماڭا پەرزەنت ئاتا قىلسا. يۇسۇپ ئەلەيھىسسالام ئۇۋاقىتتا تېخى دۇئا قىلىشنى بىلمەيتتى. شۇ زاماندا جەبرائىل ئەلەيھىسسالام كېلىپ، ئۇنىڭغا بىر دۇئانى تەلىم بەردى. يۇسۇپ ئەلەيھىسسالام مالىك زىغىرنىڭ پەرزەنت كۆرۈشى ئۈچۈن دۇئا قىلدى، دۇئا ئىجاۋەت بولدى. مالىك زىغىرنىڭ 12 چۆرىسى بار ئىدى، شۇ كېچىسى ئۇ، ئۇلارنىڭ ھەممىسى بىلەن يېقىنچىلىق قىلدى، ھەممىسى ھامىلدار بولدى. ئاي-كۈنى توشقاندا ئۇ 12 قارا باشتىن 24 ئوغۇل تۇغۇلدى.

خوش، يۇسۇپ ئەلەيھىسسالامنىڭ شۇنچە قۇربى-كارامىتى بار تۇرۇپ، نېمىشقا ئۆزى بۇنچىۋالا مېھنەت-مۇشەققەت تارتىدۇ؟ بۇنىڭ جاۋابى شۇكى، ئەنبىيا-ئەۋلىيالار يىڭنىگە ئوخشايدۇ، ھەممە كىيىم-كېچەكلەر يىڭنە بىلەن تىكىلىدۇ، ئەمما يىڭنىنىڭ ئۆزى يالىڭاچ قالىدۇ. يەنە بىر جاۋابى شۇكى، ئەنبىيا ۋە ئەۋلىيالار چىراققا ئوخشايدۇ، چىراق ئۆزى كۆيىدۇ، ئەمما باشقىلارغا يورۇقلۇق بېرىدۇ. ھەركىمگە ھەرقانداق مۇشكۈللۈك چۈشسە، بىر دۇئا بىلەن ئاسان قىلىۋېتىدۇ، لېكىن ئۆزلىرىگە بالا كەلسە، رازى بولىدۇ.

ھېكايەتتە كەلتۈرۈلۈشىچە: يۇسۇپ ئەلەيھىسسالامنىڭ باھاسى 400 رەتلە ئالتۇن، 400 رەتلە كۈمۈش، 400 پاتمان

كاپۇر، 400 پاتمان ئىپار، 400 دانە يىگانە گوھەر، 400 توگە بۇغداي، 400 توگە گۇرۇچ، 400 توگە ئارپا، 400 توگە نوخۇت، 400 توگە تېرىقتىن ئىبارەت بولۇپ توختالدى. ئۇچاغدا بىر توگە ئاشلىقنى مىڭ تەڭگىگە ئالاتتى، لېكىن، يۇسۇپ ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەر بىر تال مويى1000 تەڭگىگە ئەرزان ئىدى. مىسىرنىڭ ھەممە زەردارلىرى زەر-ماللىرىنى، مۇشك-ئەنبەر، جاۋاھىر ئۈنچە-مارجان، ياقۇت ۋە گوھەرلىرىنى يىغىپ ھىساپلاشقا باشلىدى، ھەركىم بۇ قۇلنى مەن ئالسام دەپ خېرىدار بولاتتى، كېلىپ مالنىڭ بىلەن سودىلىشاتتى. لېكىن، ھېچكىم باھاسىغا يېتەلمەيتتى. بولۇۋاتقان سودىنى كورگەن يۇسۇپ ئەلەيھىسسالام:

— ئەۋۋەلقى بازاردا ئون سەككىز پۇچەك يارماققا ئالدى، بۇگۈنكى بازاردا بۇنچىلا قىممەت باھا بولۇپتىمەن. ئىنشائاللا بۇنىڭدىنمۇ ئىززەتلىك ۋە ھورمەتلىك بولىدىكەنمەن، — دەيتتى. ئەمما يۇسۇپ ئەلەيھىسسالامنى كورگەن ئېزىزى مىسرى جان-تېنى بىلەن خېرىدار بولغان ئىدى. ئۇ: «ھەرقانچە بولسا ئالىمەن» دەپ ئەشۇ توختام بولغان باھاغا ئالدى. مالنىڭ زىغىرمۇ ناھايىتى دانا ئىدى، ئۇ، ئېلىشتا قەدرىنى بىلمەي ئالغان بولسىمۇ، سېتىشتا تازا باھاسىغا چىقىرىپ ساتتى.

* * *

شۇنداق قىلىپ، ئېزىزى مىسرى خوجىدارىنى چاقىرىدى ۋە: «تورۇزا بىلەن تارتىڭلار، ھەممە توگىلەرنىڭ ئاشلىغى باراۋەر بولسۇن، دەپ بۇيرىدى. تورۇزا تۇتۇپ تارتقان ئىدى، پەقەت توغرا كەلمىدى. يۇسۇپ ئەلەيھىسسالام دۇۋەت-قەلەم

سوراپ قەغەرگە: لائىلاھە ئىللەللاھۇ ئىبراھىم خەلىلۇللا دەپ
يېزىپ تورۇزىغا سالغان ئىدى، قانچىلىك ئاشلىق سالسا، ھەرگىز
ئارتۇق-كەم كەلمىدى. بۇنى كۆرگەن ئېزىزى مىسىرى بەكمۇ
خۇرسەن بولدى. پۈتۈن مېلىنى بېرىپ بولغاندىن كېيىن، ئېزىزى
مىسىرى يۈسۈپ ئەلەيھىسسالامنى توپىچاققا مىندۈرۈپ، ئۆيىگە
ئېلىپ باردى. ئېزىزى مىسىرى پۈتۈن مېلىنى بېرىپ بولغانلىقى
ئۈچۈن، خېرىدارلار ئېزىزى مىسىرىگە: «ھەممە مال-دۇنيانى بۇ
قۇلنىڭ باھاسىغا بەردىڭىز، ھازىر غەزنىدە ھېچنىمە قالمىدى»
دېگەن ئىدى. ئېزىزى مىسىرى يۈسۈپ ئەلەيھىسسالامنى ئېلىپ غەز-
نىگە كىرىپ قارىسا، ھېچنەرسە كەملىمىگەن، بارلىق مال-دۇنيا-
سى ئىلگىرى قانداق بولسا، ھېلىمۇ شۇنداق تۇرغان ئىكەن.
بۇنى كۆرگەن ئېزىزى مىسىرى تېخىمۇ خۇشال بولدى ۋە بۇ قۇل-
نىڭ بەرىكىتى بىلەن ھېچبىر مېلىم كەملىمەپتۇ، دەپ يۈسۈپ
ئەلەيھىسسالامنى جان-دىلى ۋە مېھرى-مۇھەببىتى بىلەن ياخشى
كۆردى ۋە ئاسرىدى. ئۇ، زۇلەيخاغا تاپىلاپ دېدىكى:

—بۇ ئوغۇلنى ياخشى ئاسرىغىن، ساتساق كوپ پايدا كۆ-
رىمىز، ئەگەر ساتماي ساقلىساق پەرزەنتىمىز بولىدۇ. بۇنىڭغا
ياخشى سەرۇپايلار كەيدۈرگىن، ياخشى نازۇ-نېمەتلەرنى يېدۈر-
گىن، ھەرگىز كۆڭلىنى ئاغرىتمىغىن.

بۇ سۆزنى ئاڭلىغان زۇلەيخا بەكمۇ خۇشال
بولدى. ئۇ، يۈسۈپ ئەلەيھىسسالامغا شۇنداق مېھرىۋان
بولۇپ كەتتىكى، كىيىم-كېچەكلىرىگە ئۈنچە-مەرۋايىتلار قادىۋەتتى.
يېمەك-ئىچمەكلىرىگە قەنداللەتلەرنى بەردى. ئەمما يۈسۈپ
ئەلەيھىسسالام زۇلەيخانىڭ يۈزىگە ھەرگىزمۇ قارىمايتتى. زۇلەيخا-
نىڭ ئۇنىڭغا بولغان مېھرى كۈندىن-كۈنگە ئېشىۋەردى. ئۇ، چىرايلىق

كمينندۇرۇلگەن 70 قۇلنى يۇسۇپ ئەلەيھىسسالامنىڭ خىزمىتىگە سېلىپ بەردى. ئۇ، يۇسۇپ ئەلەيھىسسالامغا شېرىن سۆزلەرنى قىلاتتى، لېكىن، ئۇ سۆزلەر يۇسۇپ ئەلەيھىسسالامغا خۇش ياقمايتتى.

يۇسۇپ ئەلەيھىسسالام ئېھزىزى مىسىرنىڭ يېنىدا يۈرسىمۇ دائىم: مەن قۇل بولسامۇ مۇشۇنداق ياشاۋاتىمەن، ئەمما ئاتامنىڭ ھالى نىمە بولغاندۇر. قانداق جاپا - مۇشەققەتلەرنى تارتقاندۇر، دەپ ئويلايتتى ۋە داۋاملىق دۇئا قىلىپ تۇراتتى. ئۇنىڭ: «ئىلاھا خۇداۋەندا، مېنىڭ ھال - ئەھۋالىمدىن ئاتامغا ئاگاھلىق بەرسەڭ» دىگەن دۇئاسى ئىجاۋەت بولدى. يەنە بىر ئەرەپ مىسىردىن كەنئانغا بارغان ئىدى، ئۇ، مىسىرغا كېلىپ شەھەرگە كىرگەندە توگىسى ئېھزىزى مىسىرنىڭ ئۆيى تەرەپكە ماڭدى. ئۇ ئەرەپ قانچە كۆچەپ توگىنىڭ نۇقتىسىنى تارتقان بولسىمۇ، كۆچى يەتمىدى. شۇ كۈنى يۇسۇپ ئەلەيھىسسالام كوچىغا چىقىپ ئولتۇرغان ئىدى، ئەرەپنىڭ توگىسى يۇسۇپ ئەلەيھىسسالامنىڭ ئالدىغا كېلىپ، تىزلىنىپ تۇرۇپ سەجدە قىلدى ۋە كۆزلىرىدىن ياشلىرىنى ئاققۇزۇپ تۇرۇپ، يۈز - كۆزلىرىنى يۇسۇپ ئەلەيھىسسالامنىڭ پۇتىغا سۈركىگىلى تۇردى. بۇ ھالنى كۆرگەن ئەرەپ ھەيران قالدى. يۇسۇپ ئەلەيھىسسالام ئەرەپتىن سورىدى:

— ئەي ئەرەپ، قەيەردىن كەلدىڭ؟

— كەنئاندىن كەلدىم.

— ياقۇپ ئەلەيھىسسالامنى بىلەمسەن؟

— ئەلۋەتتە بىلىمەن، ئۇ كىشى بىزنىڭ پەيغەمبىرىمىز بولىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

— ئۇنىڭ ھالى قانداقراق؟ — يۇسۇپ ئەلەيھىسسالام يەنە سورىدى.

— ھالى بەكمۇ خاراپ، — دەپ جاۋاپ بەردى ئەرەپ، — ئۇ كىشىنىڭ يۇسۇپ ئىسىملىك بىر ئوغلىنى ئاكىلىرى سەيلىگە ئېلىپ بېرىپ، بۆرىگە يەدۈرۈپ قويغان ئىكەن، شۇنىڭدىن بۇيان يىغلاۋېرىپ كۆزلىرى كورمەس بولۇپ قالدى. ئۇ، ھازىر چوڭ يول بويىدا، يەرنىڭ ئاستىدا بىر ئۆي ياسىتىپ، ئۇنىڭغا بەيتۇل ئەھزان (غەم ئۆيى) دەپ ئات قويۇپ، شۇ ئۆيدە تائەت — ئىبادەت قىلىپ ئولتۇرىدۇ.

بۇ خەۋەرنى ئاڭلىغان يۇسۇپ ئەلەيھىسسالام: «ئاھ، بىچارە ئاتام» دەپ ۋاقىرىغىنىچە بىھوش بولۇپ يىقىلدى ۋە يەنە ھوشىغا كېلىپ، باش باھارنىڭ بۇلۇتىدەك زار — زار يىغلاپ ئېيتتى:

— ئەي ئەرەپ، كەنئانغا بارساڭ، ياقۇپ ئەلەيھىسسالامغا: ئوغلىڭىز يۇسۇپنى كۆردۈم، مەخلۇقنىڭ ئالدىدا ھېمىشە قول باغلاپ تۇرىدۇ، سىزگە سالام دىدى، — دېگىن ۋە يەنە ھېنى ھېمىشە دۇئادا ياد ئېتىپ تۇرسۇن دىدى، — دېگىن.

ئۇزىنىڭ ۋەقەسىنى ئېيتماقچى بولغان ئىدى، جەبرائىل ئەلەيھىسسالام كېلىپ:

— بۇ سىرنى ھەرگىز ئاچمىغىن، — دىدى.

يۇسۇپ ئەلەيھىسسالام ئەرەپنىڭ ھەققىدە دۇئا قىلدى. ئەرەپ توگىسىنىڭ ئۇقتىسىنى قانچە كۇچەپ تارتقان بولسىمۇ، توگىسى ئورنىدىن تۇرغىلى ئۇنىمىدى. ئاخىر توگە ئادەم تىلى بىلەن «لا ئىلاھە ئىللەللاھۇ ئىبراھىم خېلىلۇللا» دىدى ۋە

ئارقىسىدىن ئىگىسىگە قاراپ: «ئەسلىدە ھەممىدىن ئۆتۈپ كېتەتتىمىڭ، مەن سېنى بۇ جايغا ئېلىپ كەلدىم ۋە يۈسۈپ ئەلەيھىسسالامنىڭ جامالىنى كۆرۈش شەرىپىگە مۇيەسسەر قىلدىم. سەن دۇئا ئېلىپ ئىككى جاھاننىڭ ئەزىزى بولدۇڭ. بۇ گەپنى ياقۇپ ئەلەيھىسسالامغا ئېلىپ بارساڭ، ئۇمۇ دۇئا قىلىدۇ. ئەمدى مېنىڭمۇ ئۈمىدىم بار. يۈسۈپ ئەلەيھىسسالام دۇئا قىلسا، مەنمۇ تۆگىلەرنىڭ سائادەتمەنى بولسام» دېدى.

يۈسۈپ ئەلەيھىسسالام تۆگە ھەققىدە دۇئا قىلدى. ئۇ تۆگە يەلمايە بولۇپ تا قىيامەتكىچە ئۇنىڭ ئەۋلادى ئابروي تاپتى. يەلمايە تۆگە ئەشۇ تۆگىنىڭ نەسلىدۇر. ئۇ ئەرەپ شۇندىن كېيىن 40 كۈنلۈك يولنى 4 كۈندە بېسىپ كەنئانغا كەلدى ۋە ياقۇپ ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىشىك ئالدىغا كېلىپ: «كىشى بارمۇ؟» دەپ چاقىردى. ياقۇپ ئەلەيھىسسالامنىڭ زەينە ئىسىملىك بىر قىزى بار ئىدى، يۈسۈپ ئەلەيھىسسالامغا قېرىنداش ئىدى. چاقىرغان ئاۋازنى ئاڭلاپ ئۇ قىز يۈگۈرۈپ چىقتى.

— ياقۇپ ئەلەيھىسسالام بارمىكەن؟ — دەپ سورىدى ئەرەپ.

— ئاتام ئۆيدە بار، ئەمما سېنىڭ قېشىڭغا چىقمايدۇ، — دېدى قىز ۋە يەنە:

— ئاتام ئادەم ئەلەيھىسسالامنىڭ تونىنى كىيىپ، سالىھ ئەلەيھىسسالامنىڭ ھاسىسىنى ئوڭ يېنىغا قويۇپ، ئىسھاق ئەلەيھىسسالامنىڭ كەمىرىنى بېلىگە باغلاپ، ئىسمائىل ئەلەيھىسسالامنىڭ قوچقارىنىڭ مۈڭگۈزىنى سول يېنىدا قويۇپ، ئىبراھىم خەلىلۇللانىڭ رىداسىنى مۈرىسىگە سېلىپ، يۈسۈپ ئەلەيھىسسالامنىڭ قانلىق كۆينىكىنى

ئۇيغۇر كىتاب تورخانىسى www.uyghurkitap.com

ئالدىدا قويۇپ، ئىدرىس ئەلەيھىسسالامنىڭ تەسۋىسىنى سىرىپ يىغلاپ تۇرۇپ:

— ئى بارا خۇدايا، يۈسۈپنىڭ ئۆلۈك - تىرىكلىكىدىن بۈگۈن ماڭا خەۋەر يەتكۈزگىن، دەپ مۇناجات بىلەن دۇئا-تەلەپ قىلىۋاتىدۇ، - دېدى.

— ئۇنداق بولسا، - دېدى ئەرەپ، - دۇئاسى ئىجابەت بولۇپتۇ، مەن يۈسۈپتىن خەۋەر ئېلىپ كەلدىم.

زەيىنە كىرىپ ياقۇپ ئەلەيھىسسالامغا ئەرەپنىڭ سىزنى ئىپتىقان ئىدى، «كىرسۇن» دەپ بۇيرىدى. زەيىنە چىقىپ، ئەرەپنى باشلاپ ئىچكىرىگە ئېلىپ كىردى. ئەرەپ ياقۇپ ئەلەيھىسسالامغا مۇلاقات بولدى ۋە سالامدىن كېيىن:

— ئەي خۇدانىڭ پەيغەمبىرى، يۈسۈپ سىددىقۇللا ئىسمىلىك ئوغلىڭىز سىزگە سالام ئېيتتى، توگىگە دۇئا قىلغان ئىدى، قىرىق كۈنلۈك يولنى 4 كۈندە بېسىپ كەلدىم، - دېدى. ياقۇپ ئەلەيھىسسالام يۈسۈپ ئەلەيھىسسالامنىڭ نامىنى ئاڭلاپ ھۇشىدىن كەتتى، ھۇشىغا كەلگەندىن كېيىن، خۇددى باش باھارنىڭ بۇلۇتىدەك زار - زار يىغلىدى. ئەرەپ ۋەقەنى باشتىن ئاخىر سوزلەپ بەردى. ئۇرۇق - تۇققانلىرىمۇ ئاڭلىدى. ئۇلارنىڭ بەزىسى خوشال بولدى، بەزىسى غەمكىن بولدى. ياقۇپ ئەلەيھىسسالام ئۇ ئەرەپنىڭ باش - كۆزلىرىگە سۆيدى، ئۇندىن كېيىن دۇئا قىلىپ:

— ئەي ئەرەپ، سەن مېنى خوشال قىلدىڭ، سېنىمۇ ئاللا تائالا دۇنيادا شات - خورام قىلسۇن، - دېدى.

— ئەي خۇدانىڭ پەيغەمبىرى، - دېدى ئەرەپ، - ئوتتۇز قىزىم

بار، ئەسلا ئوغلۇم يوق، بىر دۇئا قىلسىڭىز، ئاللا تائالا ماڭىمۇ ئو-
غۇل پەرزەنت ئاتا قىلسا.

يائقۇپ ئەلەيھىسسالام دۇئا قىلدى، ئۇنىڭ دۇئاسىنىڭ بەر-
كاتىدىن ئۇ ئەرەپ 60 ئوغۇلنىڭ ئاتىسى بولۇپ ئۆمرى تامام
بولدى.

يائقۇپ ئەلەيھىسسالام بۇ ۋەقەنى ئوغۇللىرىغا ئېيتىپ:

— يۇسۇپنى بۆرە يېدى دېمەيمىدىڭلار؟ — دەپ سورىدى.

بۇ، ھەييار ئەرەپ ئىكەن، يۇسۇپنى مۇشۇ يەردە كورگەن
ئىدى، سىزگە خوشامەت قىلىپ، كوڭلىڭىزگە تەسكىن بەرگەنگە
ئوخشايدۇ. شۇنداق گەپكىمۇ ئالدىنامسىز؟ — دېيىشتى ئوغۇللار
ۋە ئۇنىڭ كۆڭلىنىڭ خوشاللىغىنى ياندۇرۇشتى.

*

شۇ تەرىقىدە يىللار ئوتۇپ، يۇسۇپ ئەلەيھىسسالام بالاغەتكە
يەتتى. ئاللا تائالا ئۇنىڭغا ئىلمى - ھىكمەت ۋە ئىلمى تەبىر
ئاتا قىلدى.

ئېيتىلىشىچە، ئېزىزى مىسرى يۇسۇپ ئەلەيھىسسالامنى
سېتىۋالغان ۋاقىتتا زۇلەيخا ئېزىزى مىسرىنىڭ نىكاھىدا ئىدى.

ھىكايەتتە كەلتۈرۈلۈشىچە، يۇسۇپ ئەلەيھىسسالام ئەرەپ
تىلىدا بەزى دۇئالارنى ئوقۇيتتى. ئۇنىڭ ئاۋازىنى ھەركىم ئاڭ-
لىسا ئاشىق شەيدا بولاتتى. زۇلەيخا ئۇنىڭغا:

— سىنىڭ ئاۋازىڭنىڭ ياخشىلىغى ۋۇجۇدۇمنى ئورتەۋاتىدۇ.
ماڭىمۇ ئەرەپ تىلىنى ئوگەتسەڭ، سېنىڭ ئوقۇغىنىڭنى مەنىمۇ
بىلسەم ئىدى، — دېدى.

— قۇلنى ئوزىنىڭ قۇللۇق ھالىدا قويغىن، قۇل - ئوزىنىڭ
قۇللىغىنى قىلغىنى ياخشى، — دېدى يۇسۇپ ئەلەيھىسسالام.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ھەر قېتىم يۈسۈپ ئەلەيھىسسالامنىڭ بېشىنى يۇماقچى ۋە كىرلىرىنى تازىلىماقچى بولسا، باشتا كىشىنى بۇيرىماي، ئۇ ئىشنى زۇلەيخا قىلاتتى. زۇلەيخا ئۇنى بىردەم كۆرمىسە تاقەت قىلالمايتتى. ئۇنىڭغا ھەممىشە شاھانە سەرۇپالارنى كەيدۈرەتتى ۋە تائام يېسە ئۇنى چاقىرتىۋېلىپ ھەمرا قىلىپ يەيتتى. يۈسۈپ ئەلەيھىسسالام بىلمىسا، بىر لوقما تائام ياكى بىر قەتىرە سۇ ئۇنىڭ گېلىدىن ئۆتمەيتتى.

— ئەي يۈسۈپ، — دېدى بىر كۈنى زۇلەيخا، — بىر قانچە يىلدىن بۇيان سېنىڭ كۆيۈگىدە ھالىمنىڭ قانداق زەئىپ بولغانلىقىنى زادى بىلمەمسەن؟

— سېنىڭ كۆڭلۈڭدىكى خىيالىڭنى مەن نېمە بىلەي؟ دېدى يۈسۈپ ئەلەيھىسسالام.

— مەندە سېنىڭ مۇھەببىتىڭدىن باشقا نەرسە يوق، 7 يېشىمدا چۈشۈمگە كىرگەن ئىدىڭ، شۇندىن بېرى ئوتۇڭدا كۆيمەن.

ساڭا ئەي مېھرى دىلىمنىڭ يارىم، ئاشۇ كۈن ئاشىنا بولدۇم،
بولۇپ بىگانە ئالەمدىن، جىمى ئەلدىن جۇدا بولدۇم.
كويۇڭدا بولمەن قۇربان، پىدا ئەيلەپ ساڭا يۈز جان،
بولۇپ مەجنۇن كەبى ھەيران، بۇ يەڭلىغ مۇپتىلا بولدۇم.
رەھىمىڭ يوق ئىكەن سەندە، ماجالىم قالمىدى تەندە،
كىيىپ ئەگنىمگە مەن جەندە، ئىشىكلەردە گادا بولدۇم.
مېنىڭكى سەنكى دىلخاھىم، ساڭا يەتمەس مېنىڭ ئاھىم،
قىيا باققىل ئايا شاھىم، ئەجەپ بەختى قارا بولدۇم، —

دېدى زۇلەيخا.

— ماڭا مۇھەببەت قىلغىچە، — دېدى يۈسۈپ ئەلەيھىسسالام، —

ئېرىنىڭ ئېزىزى ھەممىرىگە مۇھەببەت قىلغىنىنىڭ ياخشىسى، ماڭا پاكلىق پايدا بېرىدۇ.

— ئەي يۇسۇپ، — دېدى زۇلەيخا، — مەن سېنى ئېزىزى ھەممىرىدىن يۈز ھەسسە ئارتۇق بىلىمەن.

— ئۇنداق قىلغىنىڭمۇ پايدىسىز، سۆزلىرىڭمۇ بىھۇدە، — دېدى يۇسۇپ ئەلەيھىسسالام.

— ئەي يۇسۇپ، — يىغلاپ، نالە - زار قىلىپ تۇرۇپ سۆزلىدى زۇلەيخا، — ھاياتلىق بېغىمنىڭ گۈلشىنى سەن - سەن، ھالىمنىڭ خۇشلۇقى، تېنىمنىڭ خۇرۇپلىقى، كۆزۈمنىڭ روشەنلىكى ۋە گۆھىرىممۇ سەن - سەن، مېنىڭ تىرىكلىكىم سېنىڭ دىدارىڭ بىلەن.

شۇندىن ئېتىۋارەن يۇسۇپ ئەلەيھىسسالام زۇلەيخادىن ئۆزىنى تارتىپ قېچىپ يۈرۈيدىغان بولدى. زۇلەيخا يۇسۇپ ئەلەيھىسسالامغا 360 كۈننىڭ ھەر بىرى ئۈچۈن بىر تۈرلۈك ماتادىن كىيىم تىكتۈرۈپ تەييارلىدى. بىر كۈندە 3 خىل كىيىم كەيدۈرۈپ، زىبۇ - زىننەت بېرەتتى. زۇلەيخانىڭ بىر بوستانى بار ئىدى، بىركۈنى يۇسۇپ ئەلەيھىسسالامنى چاقىرتىپ كېلىپ:

— مۇشۇنداق بوستانلاردا تاماشا قىلماڭچۇ يۇسۇپ، — دېدى.

— مېنىڭ باغۇ بوستىنىم كەنئاندا قالدى، — دېدى يۇسۇپ ئەلەيھىسسالام، — ماڭا باشقا باغۇ - بوستان، تەختۇ - بەخت كېرەك ئەمەس.

— مەن سېنى ئۆز ۋىسالى بىلەن كۆڭلۈمنى خوش قىلارمىكى، جېنىم راھەت تاپارمىكى دەپ، زەر ۋە دۈررى - جاۋا-

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ھەرلارنى بېرىپ سېتىۋالدىمغۇ؟ دېدى زۇلەيخا، — سېنىڭ پىراقىڭدا تولا يىغلاپ كۆزلىرىم ئاجىزلاشتى، سېنى بىرەر قېتىم ئارزۇيۇمغا قانغىچە كۆرۈۋالالىسامىمۇ كاشكى. سەن مېنىڭ ئالتۇنغا سېتىۋالغان قۇلۇم تۇرۇقلۇق، نىمىشقا ماڭا گەردەنتاپلىق قىلىسەن؟

— مەن قانداقچە سېنىڭ قۇلۇڭ بولىدىكەنمەن؟ — دېدى يۈسۈپ ئەلەيھىسسالام، — مەن ئاللاتائالانىڭ قۇلى مەن.

— قۇلۇڭنى كۆكسۈمگە قويغىنا يۈسۈپ، سېنىڭ پىراقىڭدا يۈرىكىمدە كۆيۈۋاتقان ئوتنىڭ ھارارىتىنى بىلگىن، مېنىڭ كۆڭلۈمنى بىر خۇشال قىلىپ قويغىن، — دېدى زۇلەيخا.

— مەندىن ئۇنداق تاما قىلمىغىن زۇلەيخا، — دېدى يۈسۈپ ئەلەيھىسسالام، — مەن زىنا قىلالمايمەن! سەن مەندىن ئۈمىدىڭنى ئۈزگىن، مەن ئاللا تائالانىڭ غەزىۋىدىن قورقىمەن، ئېزىزى مىسىرنىڭ ھەققىنى ساقلايمەن.

— ئەگەر بۇ ئىشنى قىلمىساڭ، — دېدى زۇلەيخا، — خۇدادىن قورقساڭ، غەزنىدىكى ماللىرىمنى سەن ئۈچۈن كەمبەغەل بىچارىلارغا سەدىقە قىلاي، خۇدا گۇناھىڭنى ئەپۇ قىلار. ئەگەر ئېزىزى مىسىردىن قورقساڭ، ئۇنىڭغا زەھەر بېرەي. يەنە تۆۋە قىلسام خۇدا ئەپۇ قىلار.

— گۇناھ قىلىپ تۆۋىگە مۇھتاج بولغاندىن كۆرە، گۇناھ قىلمىغان ياخشى، — دېدى يۈسۈپ ئەلەيھىسسالام.

— ئەي يۈسۈپ، — دېدى زۇلەيخا ئاچچىغلىنىپ، — شۇنچىلا ئىززەت - ھۆرمەت، ئارزۇ - نېمەت ۋە دۆلەت ساڭا ياراشمىدى، دۆلەتنىڭ قەدرىنى بىلمىدىڭ، يەنە سۆزۈمنى قوبۇل قىلمىساڭ، باققا ئىشلىگىلى ئەۋەتىمەن، ئۇ يەردە تازا مېھنەت-مۇشەققەت تارتىسەن!

— ھەر نېمە قىلساڭ پەرمان بەردارمەن، — دېدى يۇسۇپ ئەلەيھىسسالام، — ئەمما، سېنىڭ ئۇنداق ئىشىڭنى قىلالمايمەن.

ئۇ چاغدا ئېزىزى مىسىرى باغ ياسىتىپ، باغ ئىچىگە ئىمارەت قۇرغىلى كىشىلەرنى ئىشلىتىۋاتاتتى. زۇلەيخا يۇسۇپ ئەلەيھىسسالامنى شۇ ئىشقا بۇيرىدى. باغنىڭ ئىچىدە مىڭ تۈرلۈك مېۋىلەر بولۇپ، رەڭگا - رەڭ گۈللەر ئېچىلىپ، ئېرىقلاردا سۇلار ئېقىپ تۇراتتى. يۇسۇپ ئەلەيھىسسالام ياخشى كىيىملىرىنى تاشلاپ، مەدىكارچىلىق كىيىمىنى كىيىپ، كەتمەننى ئېلىپ، ئىشقا مەشغۇل بولدى. باغۋەنلەر كېلىپ: «ئەجەپ شۇنداق كىشىگىمۇ ئىش بۇيرۇپتىيا» دېيىشىپ، قولىدىن كەتمەننى ئالغان ئىدى، يۇسۇپ ئەلەيھىسسالام ھەرگىز ئۇنىمىدى.

— سىز تاماشا قىلىپ ئولتۇرۇڭ، — دېيىشتى باغۋەنلەر، — ئىشنى بىز قىلايلى.

شۇ كۈنى بىر كىشى ئون كىشىنىڭ ئىشىنى قىلىپ تۈگەتتى. ھەممەيلەن ئەشۇ ئوغۇلنىڭ كارامىتىدىن شۇنچىلا ئىش قىلىنىپ بولغانلىقىنى چۈشەندى. ئەمما، زۇلەيخا ئۆيدە قالغان ئىدى، ئۇ ھەرگىز تاقەت قىلالمىدى، باققا بارماي ئىلاجى بولمىدى. ئۇ بىر قانچە قىزلار بىلەن بىللە بېرىپ، باغنىڭ تېمىنى تېشىپ قارىسا، يۇسۇپ ئەلەيھىسسالام ناماز ئوقۇپ تۇرۇپتۇ. ئۇ، زۇلەيخانىڭ كۆزىگە تېخىمۇ چىرايلىق ۋە تېخىمۇ يېقىملىق كۆرۈنۈپ كەتتى. زۇلەيخا تاقەت قىلالماي، باققا يۈگۈرۈپ كىردى ۋە دېدى:

— ئەي يۇسۇپ، دۆلەت ۋە ئىززەتنى بىلمىدىڭ، بۇنىڭدىنمۇ ئارتۇق جاپا - مۇشەققەتكە قالىسەن تېخى!

ئۇيغۇر كىتاب تورېكتى
www.uyghurkitap.com

— ماڭا قانداق جاپا سالساڭ، شۇ ماڭا دۆلەتتۇر. سېنىڭ بىھۇدە سۆزلىرىڭدىن ماڭا مۇشۇنداق جاپا ياخشى، — دېدى يۈسۈپ ئەلەيھىسسالام. ئۇ، زۆلەيخانى قىلچە كۆزگە ئىلمىدى ۋە سۆزىگىمۇ ئىلتىپات قىلمىدى.

زۆلەيخانىڭ بىر ئىنىكئانىسى بار ئىدى، زۆلەيخا ئۇنىڭغا ئۆز ھالىنى بايان قىلدى:

نەزمە:

ئىشقى — دەردىن تارتىشۇرغا يارى — ھەمدەممەندە يوق،
ئەرزى — ھالىمنى دېمەككە ھېچبىر مەھرەم مەندە يوق.
ئاھ ئۆرۈپ قان يىغلىسام ئالەمگە ئەئيان بولغىدەك،
گەر چىداش بېرەي دېسەممۇ سەبرۇ — تاقەت مەندە يوق.
ئىشقى دەردى بىر بالا بولدى مېنى قىلدى زەبۇن،
مەن ئۇلەر ھالەتكە يەتتىم، زادى دەرمان مەندە يوق.
ھېچ ئىجاۋەت بولمىدى، قىلغان مۇناجاتىم مېنىڭ،
دىل قېنى بىرلە ئېلىپ قىلغان تاھارەت مەندە يوق.
مەن تېۋىپلاردىن بۇ دەردىمنىڭ داۋاسىنى ئىزدىدىم،
ئۇ بىلىپ ئەيتۇر: «بۇ دەردىڭنىڭ داۋاسى مەندە يوق».
ئەي زۆلەيخا، ئۇشبۇ دەردىڭنىڭ داۋاسى يوق ئېكەن،
دەرت ئۇچۇن دەرمان تىلەر، بۇ بەندىنىڭ دەرمانى يوق.

ئىنىكئانا يۈسۈپ ئەلەيھىسسالامغا كۆپ نەسىھەت قىلغان بولسىمۇ، ھېچ تەسىر قىلمىدى.

قىتئە: تاشقا يامغۇر كار قىلماس، مۇزغا سۇ، ئاشىققا پەنت.
بىھۇدە سۆزدۇر: «قويۇپ سالغاي ئاياقلىرىغا بەنت».

زۆلەيخا يۈسۈپ ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىشقىدا ھالاك بولغىدەك بولدى. ئۇ ئىنىكئانىغا:

— ئەي ئانا، بۇ ئىش قىلغىلى بولىدىغان ئىش ئەمەس-
كەن، دەيسەن. مېنىڭ جېنىمغا دەرت، دەرت ئۈستىگە داغ قى-
يۇۋاتىسەن. ئىشق دەردىنى مەن تارتىۋاتىمەن. جېنىمغا تۇتاش-
قان ئوتنىڭ كۆيۈشىنى مەن بىلىمەن. ئەگەر قولۇڭدىن كەلسە،
بۇ ئىشتا ماڭا ياردەم قىلىپ، ھالىمغا باقساڭ، ياخشىلىقىڭ بول-
مىسا سېنىمۇ دۈشمەن دەپ بىلىمەن، — دېدى ۋە زار - زار
يىغلاپ كەتتى.

ئىنىكئانىنىڭ ئۇنىڭغا رەھمى كەلدى. ئۇ زۇلەيخادىن
سورىدى:

— ئەي زۇلەيخا، ئۆز سىرىڭنى يوشۇرۇپ مەلۇم قىلىپ،
ئۇنى كۆڭۈل ئىشىغا تەكلىپ قىلدىڭمۇ؟

— مەن ئېيتمىغان سۆز، قىلمىغان چارە قالمىدى، ھېچبىر
چارە بىلەن دامىمغا ئىلىندۇرۇپ، ئۆزەمگە رام قىلالمىدىم، ئۇ
يۈزۈمگىمۇ قارىمىدى، — دېدى زۇلەيخا.

— ئۇنداق بولسا، ماڭا بىر ئاز پۇل - مال بەرگەن
زۇلەيخا، ئۇنى ساڭا شۇنداق قىلىپ قويايكى، سەندىن بىر سا-
ئەت ئايرىلىشقا تاقەت قىلالمايدىغان بولسۇن، كېچە - كۈندۈز
سېنى ئويلايدىغان بولسۇن، — دېدى ئىنىكئانا.

— ئەگەر شۇنداق قىلىدىغان بولساڭ ئانا، مەن سەندىن
جېنىمنىمۇ ئايىمايمەن، — دېدى زۇلەيخا ۋە ئىنىكئانىغا مىڭ
مىسقال ئالتۇن، مىڭ مىسقال كۈمۈش، مىڭ مىسقال ئىپار، مىڭ
مىسقال كاپۇر بەردى.

ئىنىكئانا بۇ پۇللارنى سەرپ قىلىپ، بىر ئىمارەت ياسات-
تى. ئۇنىڭ ياساتقىنى بىرسى بىرسىنىڭ ئىچىگە ئورۇنلاشتۇرۇلغان

7 ئېغىز ئۆيى بار بولۇپ، ئەڭ ئىچكىرىكى ئۆينىڭ 4 تېمىغا يۈسۈپ ئەلەيھىسسالام بىلەن زۇلەيخانىڭ سۈرىتىنى يانداشتۇرۇپ سىزدۇرغان ئىدى. قايسى تەرەپكە قارىسا شۇ ئىككەيلەننىڭ رەسىمى كۆرۈنەتتى. ئۇلار گاھى قۇچاقلىشىپ، گاھى سۆيۈشۈپ تۇراتتى. ئىمارەت پۈتكەن كۈنى زۇلەيخا بۇرۇن كىيمىگەن كىيىملىرىنى كىيىپ، تازا زىبۇ - زىننەتلەرنى قىلىپ، خۇددى مەست تاۋۇستەك ياسىنىپ، ئىچكىرىكى ئۆيگە كىرىپ ئولتۇردى. يۈسۈپ ئەلەيھىسسالامنى چىللاپ كەلتۈردى ۋە تاشقىرىدىن كىرىشى بىلەنلا 7 ئۆينىڭ ھەممە ئىشىكىگە قولۇپ سېلىۋالدى. يۈسۈپ ئەلەيھىسسالام زۇلەيخاغا قارىسا، ئۇ ھەددىدىن ئارتۇق ياسانغان ئىكەن. زۇلەيخا قوپۇپ يۈسۈپ ئەلەيھىسسالامغا سالام قىلغان ئىدى، يۈسۈپ ئەلەيھىسسالام يۈزىنى ئۆرۈپ باشقا تەرەپكە قارىۋالدى. زۇلەيخا ئۇ تەرەپكە ئۆتۈپ يەنە سالام قىلدى. يۈسۈپ ئەلەيھىسسالام تامغا قارىۋالدى. لېكىن، تامدىكى سۈرەتلەرنى كۆرۈپ، دەرھال كۆزىنى تامدىن ئېلىپ بىساتلارغا قارىغان ئىدى، بىساتلاردىمۇ ئەشۇنداق سۈرەتلەر كۆرۈندى. ئالاھەزەلقىياس، يۈسۈپ ئەلەيھىسسالام قەيەرگە قارىسا، كۆزىگە ئەشۇنداق سۈرەتلەر كۆرۈنۈۋەرگەچكە، ئىلاجىنىڭ يوقىدىن زۇلەيخاغا قارىماسلىققا چارىسىز قالدى.

— يۈزۈڭ شۇنداقمۇ چىرايلىق بولارمۇ؟ — دېدى زۇلەيخا.

— يۈزۈڭ ھەرقانچە چىرايلىق بولغان بىلەن گۆردە سېسىيدۇ، — دېدى يۈسۈپ ئەلەيھىسسالام.

— چاچلىرىڭ تولىمۇ گۈزەل — دە، سېنىڭ، — دېدى زۇلەيخا.

— چېچىم ھەر قانچە گۈزەل بولغىنى بىلەن ئاخىر گوردە تۈگەيدۇ، — دېدى يۇسۇپ ئەلەيھىسسالام.
— كوزلىرىڭ نىمە دىگەن چىرايلىق؟ دېدى زۇلەيخا.
— چىرايلىق كوزلىرىم ئاخىر گوردە سىزىپ كېتىدۇ، — دېدى يۇسۇپ ئەلەيھىسسالام.
— ماڭا بىر قاراپ قويساڭچۇ يۇسۇپ، — دەپ يېلىندى زۇلەيخا.
— كوزۇم كور بولۇشىدىن قورقىمەن، — دېدى يۇسۇپ ئەلەيھىسسالام.
— ئەي يۇسۇپ، — دېدى زۇلەيخا، — مەن سېنىڭمەن، بۇ ياخشى ئويلەرنى ساڭا ئىشرەتخانا بولسۇن دەپ بىنا قىلدۇردۇم. سەن بىلەن مەن ھەر كۈنى بۇ يەردە ئولتۇرۇپ ئەيشى — ئىشرەت بىلەن كوڭلىمىزنى خوش قىلىمىز.
— مېنىڭ سەيرى قىلىدىغان يېرىم كەنئاندا قالدى، ماڭا بۇنداق جايدا ئولتۇرماق راۋا ئەمەس، — دېدى يۇسۇپ ئەلەيھىسسالام.
— قولۇڭنى كوكسۈمگە قويغىنا يۇسۇپ، جېنىم ئارام ئالسۇن، — دېدى زۇلەيخا.
— دوزەخ ئوتىدىن قورقىمەن، — دېدى يۇسۇپ ئەلەيھىسسالام.
— مەندەك چىرايلىق رەناغا، — دېدى زۇلەيخا، — بىرگىنە كوڭۇل بېرىپ قويساڭ نىمە بولىدۇ، يۇسۇپ؟
— ئاللاتائالا ھەممىنى كورۇپ تۇرىدۇ، — دېدى يۇسۇپ ئەلەيھىسسالام.

— مەن سېنى يۈسۈپ، ئېزىز جېنىمدىنمۇ ياخشى كورـ
مەن، — دېدى زۈلەيخا.

— مەن ھەممىدىن بەكرەك ئاللاتائالانى ياخشى كورـ
مەن، — دېدى يۈسۈپ ئەلەيھىسسالام.

— سەنسىز مېنىڭ بىردەممۇ ئارامىم ياكى قارارىم يوق، — دېدى زۈلەيخا.

— ئاتامۇ مېنى ھەممىدىن بەك ياخشى كورەتتى، — دېدى يۈسۈپ ئەلەيھىسسالام، — مەن بولمىسام بىردەممۇ كوڭلىنىڭ ئارامى بولمايتتى، شۇ سەۋەپتىن ئاكىلىرىم مېنى قۇدۇققا سالدى. سەنمۇ يەنە شۇنداق دەۋاتىسەن. يەنە نېمە بالالارغا قالارمەنكىن، ئەمدى؟

— مەن بىلەن بىر قېتىم بولسىمۇ بىر يوتقاندا يېتىپ قويغىنا يۈسۈپ، — دېدى زۈلەيخا.

— جەننەتتىكى ئويلەردىن مەھرۇم قالىمەن، — دېدى يۈسۈپ ئەلەيھىسسالام.

— ئەگەر گۇنادىن قورقساڭ، — دېدى زۈلەيخا، — خۇدارىزاسى ئۈچۈن سەدىقە قىلاي.

— پۈتۈن جاھاننىڭ مېلى سېنىڭ بولسا، — دېدى يۈسۈپ ئەلەيھىسسالام، — ھەممىنى سەدىقە قىلىۋەتسەڭمۇ بۇ گۇنانىڭ بەدىلىدە بولمايدۇ، ئۇنداق ئىش شەيتاننىڭ ئىشى، بۇنداق مىرادىڭ مەندىن ھاسىل بولمايدۇ.

— ئەمما، سېنىڭ دىنىڭغا كىرسەم ئۇنامەن؟ — دېدى زۈلەيخا.

— سەن ئېزىزى مىسىرنىڭ ھەققىسەن، — دېدى يۈسۈپ ئەلەيھىسسالام.



ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

— يۈزۈمگە بىر قارىغىنا يۈسۈپ، ھەممە پەردازنى سەن ئۈچۈن قىلدىم، بىر كۆرۈپ قويساڭ نىمە بولىدۇ؟ — دېدى زۇلەيخا.

— سېنى كۆرۈشكە، ئېزىزى مىسىرى ھەقلىق، شۇنىڭغا كۆرسەتكىن. ئۇ ماڭا كۆپ ياخشىلىق قىلغان تۇرسا، مەن قانداقمۇ ئۇنىڭ ھەققىگە خىيانەت قىلىمەن؟ — دېدى يۈسۈپ ئەلەيھىسسالام.

— ئەگەر ئېزىزى مىسىردىن قورقىدىغان بولساڭ، — دېدى زۇلەيخا، — مەن ئۇنىڭ كېلىدىن ئۇتۇشى بىلەنلا جېنى چىقىدىغان زەھەر بېرەي، كۆڭلۈڭ خاتىرجەم بولسۇن.

— ئەگەر مەن ئۇچۇن ئۇنى ئۆلتۈرسەڭ، مەن ئۇنىڭ جېنىغا زامىن بولغان بولۇپ قالىمەن، — دېدى يۈسۈپ ئەلەيھىسسالام ۋە ئاخىرى تەڭلىككە چىدىماي يىغلاپ تاشلىدى.

— يىغلىمىغىن يۈسۈپ، سېنىڭ يىغلىشىڭغا مېنىڭ ھەرگىز تاقىتىم يوق، — دېدى زۇلەيخا. يۈسۈپ ئەلەيھىسسالام يىغىسىنى توختاتتى. بۇنى كۆرۈپ زۇلەيخا: «يۈسۈپ مېنىڭ سۆزۈمنى قوبۇل قىلدى» دەپ شادىمان بولدى ۋە دەرھال ئورنىدىن تۇرۇپ، يۈسۈپ ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىشتان بېغىغا قول ئۇزاتتى. يۈسۈپ ئەلەيھىسسالام ئىشتان بېغىنى 7 چىگىك قىلىپ چىگىۋەتكەن ئىدى.

— بۈگۈن مېنىڭ مۇرادىمنى ھاسىل قىلمىساڭ، ساڭا ئازاپ سالىمەن، — دېدى زۇلەيخا.

— سەن مېنى ئازاپلىساڭ، مەن ئۇنى ئاكىلىرىمدىن كۆرىمەن، — دېدى يۈسۈپ ئەلەيھىسسالام.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبكتى
www.uyghurkitap.com

— ئەي يۇسۇپ، — دېدى زۇلەيخا، — بىردەم قېشىمدا ئولتۇرغىن، جامالىڭدىن كۆڭلۈم بىر ئاز ئارام تاپسۇن.

زۇلەيخا يەنە يېقىن كېلىپ، يۇسۇپ ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىشتان بېغىغا قول سالدى.

— خۇدايا خۇداۋەندا، شەيتاننىڭ بۇ پاھىشە شەررىدىن ئامانلىق بەرگەيسەن، مېنى ئۆز پاناھىڭدا ساقلىغايسەن،— دەپ پانا تىلىدى يۇسۇپ ئەلەيھىسسالام ۋە زۇلەيخاغا قاراپ دېدى:

— ئەي زۇلەيخا، خۇدادىن قورققىن، مەن پەيغەمبەر زادىمەن، مېنى بۇلغاپ قويمىغىن.

— ئەي يۇسۇپ، يۈرۈكۈمنى كۆيدۈردۈڭ، جىگىرىمنى كاۋاپ قىلدىڭ، يەنە مېنى سەۋرى قىلغىن دېيىشنا تېخى. ئەگەر ھاجىتىمنى راۋا قىلمىساڭ، كۆكسۈمنى شۇنداق يارايكى، گۈلى سوسەننىڭ بەرگىدەك بولۇپ بىر يولى تۆكىشەي. ئۇنىدىن كېيىن ئېزىدزى مىسىرى سېنى ئۆلتۈرسۇن، —دەپ قولىغا خەنجەرنى ئالدى زۇلەيخا ۋە بىر ئۇرۇپ كۆكسىنى يارماقچى بولۇپ، خەنجەرنى كۆكسىگە قويدى — دە، باش باھارنىڭ بۇلۇتىدەك زار - زار يىغلىدى.

يۇسۇپ ئەلەيھىسسالام قورقۇپ كېتىپ، زۇلەيخانىڭ قولىنى تۇتۇۋالدى ۋە:

— قوي زۇلەيخا، ئۇنداق قىلما! سېنىڭ بۇ ئىشىڭ شەيتاننىڭ ئىشى، — دەپ، ئۇنىڭ قولىدىن خەنجەرنى ئالدى.

— ئەي يۇسۇپ، يۈزۈمگە بىرگىنە باقساڭ، چىھرەمنى بىر كۆرسەڭ، ئەھۋالىمنى بىلسەڭ، ھالىمغا يەتسەڭ، مۇرادىمنى

بەرسەڭ نىمە بولۇپ كېتەر، - دېدى زۇلەيخا ۋە ناھايىتى مۇڭلۇق ئاۋاز بىلەن نالە - زار قىلغان ئىدى، كۆز يېشى زادىلا توختىمىدى. ئۇنى كۆرۈپ يۇسۇپ ئەلەيھىسسالامنىڭ رەھ-مى كەلدى.

زۇلەيخانىڭ ئاياللار ئارىسىدا يەنە بىرسى تېپىلمىغىدەك دەرىجىدە گۈزەل بىر ساھىپجامال ئىدى. شۇ چاغدا يۇسۇپ ئەلەيھىسسالام ئۆز كۆڭلىدە «ئېزىزى مىسىرى ئۆلسە، ئاندىن مەن ئۆز نىكاھىمغا ئالسام بولاتتى» - دەپ ئويلاپ قالدى - دە، كۆڭلى ئۇنىڭغا بىر ئاز مايىل بولدى. شۇ ئان زۇلەيخا يەنە يۇسۇپ ئەلەيھىسسالامغا ئېسىلغان ئىدى، يۇسۇپ ئەلەيھىسسالام قاچقىلى جاي ئىزدىدى. لېكىن، زۇلەيخا ھەممە ئىشىكلەرنى قۇلۇپلىتىپ قويغان ئىدى. شۇ پەيتتە لەنىتى شەيتان كېلىپ زۇلەيخاغا: «كىشى يۇسۇپتەك گۈزەل جۈپنى تاپسا ئويناماي ۋاقتىنى ئۆتكۈزۈۋېتەمدۇ؟ تازا قۇچاغلاپ، جېنىنى يايراتماي-دۇ؟» دېيىشكە باشلىدى. يۇسۇپ ئەلەيھىسسالامغا بولسا: «ئەي يۇسۇپ، كىشى زۇلەيخادەك ساھىپجامالنى تاپسا، ۋاقتىنى ئۆت-كۈزمەي بىر يوتقاندا يېتىپ، كۆكرەك بېغىتنى سەيلە قىلماي قالامدۇ؟ خۇدايىتائالانىڭ بىر ئىسمى رەھىم، يەنى تەۋۋە قىلسا، گۇناھىدىن ئۆتكۈچى ئەمەسمۇ؟» دەپ ۋەسۋەسە قىلىشقا باشلىدى. بۇ دېلىللار بىلەن يۇسۇپ ئەلەيھىسسالامنىڭ سەل چې-رايى ئېچىلدى ۋە ئىشتان بېغىغا قول ئۇزاتتى. بۇنى كۆرۈپ زۇلەيخانىڭ دىلىدا ھېچقانداق بىر مەخلۇقاتتا يوق بەرمىگەن دەرىجىدىكى بىر خىل خۇشاللىق پەيدا بولدى. شۇنىڭ بىلەن زۇلەيخا دەرھال ئىشتىنىنى سالدى. يۇسۇپ ئەلەيھىسسالامۇ

ئىشتىنىنىڭ بېغىنى يەشكىلى باشلىدى. شۇ چاغدا ئاللاتائالادىن بىر نىدا ئاڭلاندى. زۇلەيخا يۇسۇپ ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىشتان بېغىنى يەشكىلى تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ، خۇددى بوۋاقلار سۈتكە تەلپۈنگەندەك ئۈمىت قىلىپ تۇرغان ئىدى، يۇسۇپ ئەلەيھىسسالام يەنە ئىككىنچى قېتىملىق نىدا ئاڭلىدى. ئۈچىنچى چىمگىكىنى يەشكىچە يەنە بىر نىدا ئاڭلاندى. تۆتىنچى چىمگىكىنى يېشىپ بولغىچە: «ئەي يۇسۇپ! پەرۋەردىگارىڭ ھازىردۇر» دېگەن نىدا ئاڭلاندى. بەشىنچى چىمگىكىنى يەشكىچە: «ئەي يۇسۇپ! ئۆزەڭنى تارتقىن، زىنا قىلماق ئۆزەڭنى مەئسىيەتكە سالغانلاردىن بولۇپ قالىسەن!» دېگەن نىدا كەلدى. يۇسۇپ ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغىمۇ قۇلاق سالمىدى. ئالتىنچى چىمگىكىنى يەشكىچە ئاڭلانغان نىداغىمۇ قۇلاق سالمىدى. يەتتىنچى چىمگىكىنى يەشكىچە يەنە: «ئەي يۇسۇپ! سەن كىم؟ زىنا قانداق نېمە؟ زىنا قىلماق كىمنىڭ ئىشى؟» دېگەن نىدا ئاڭلاندى. يۇسۇپ ئەلەيھىسسالام يالغۇز ئىدى، زۇلەيخا شەيتان بىلەن بىللە بولۇۋالغان ئىدى. يۇسۇپ ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەۋەس نەپسى ھەركەتكە كېلىپ، كۆزىگە ئاق ياكى قىزىل ھېچنېمە كۆرۈنمەي قالدى ۋە ھېلىقى بولمىغۇر ئىشقا قەدەم قويغۇدەك ھالەتكە كېلىپ قالدى. شۇ ئەسنادا زۇلەيخا بۇتىنىڭ يۈزىنى يېپىپ قويۇپ، يۇسۇپ ئەلەيھىسسالامنىڭ ئالدىغا كېلىپ، يوتقان ئۈستىدە بەرەھنە① بولۇپ ياتتى.

— ئۇ يەردە نېمىنى يېپىپ قويدۇڭ؟ — سورىدى يۇسۇپ ئەلەيھىسسالام.

---

① بەرەھنە — يالىڭاچ دېگەن سۆز — م.

— چوقۇنىدىغان بۇتۇم بار ئىدى، ئۇ، قاراپ تۇرسا ئۇيىتىمدىكەنمەن، — دېدى زۇلەيخا.

— ئەجەبا، زۇلەيخا ئالتۇن — كۈمۈشتىن ياسالغان بۇتىدىن ھايا قىلىدىكەنئۇ، مەن ئاللاتائالادىن نېچۈك قورقمايدىكەنمەن، — دەپ يۇسۇپ ئەلەيھىسسالام ئەشۇنداق مۇھەببىتى كامالەتكە يەتكەن چاغدا ئۇ كاساپەت ئىشتىن يېنىپ ئورنىدىن قوپتى.

يەنە بىر رىۋايەتتە ئېيتىلىشىچە: ئاللاتائالادىن جەبرائىل ئەلەيھىسسالامغا: «يا جەبرائىل، دەرھال بېرىپ، يۇسۇپنى گۇناھدىن ياندۇرغىن، زۇلەيخا شەيتان بىلەن بىر بولىۋالدى، يۇسۇپۇم يالغۇزدۇر» دەپ خىتاب بولدى. جەبرائىل ئەلەيھىسسالام ياقۇپ ئەلەيھىسسالامنىڭ سۈرىتىدە بولۇپ كەلدى. يۇسۇپ ئەلەيھىسسالام قارىسا تام يېرىلدى. كوزىگە ياقۇپ ئەلەيھىسسالامنىڭ سۈرىتى كورۈندى. شۇنىڭ بىلەن شەھۋانە نەپسىنىڭ ھەركىتى پەسەيدى. شۇ چاغدا ياقۇپ ئەلەيھىسسالام:

— ئەي ئوغلۇم يۇسۇپ! سەن كىم، زىنا قانداق نىمە؟ زىنا قىلماق كىمنىڭ ئىشى؟ سەن مۇنداق گۇناھلارنى قىلساڭ پەيغەمبەرلىك قاتارىدىن چىقىسەن، قىيامەتنىڭ ئازاب — ئوقۇبەتلىرىگە گىرىپتار بولىسەن، — دېدى.

يەنە بىر رىۋايەتتە: جەبرائىل ئەلەيھىسسالام ئالقىنىدا 3 پارچە خەت كورسەتكەن ئىمىش، ھەممىسى زىنانىڭ كاساپىتىنىڭ بايانى بولغانلىقىدىن يۇسۇپ ئەلەيھىسسالام ئۇ ئىشتىن ياندى دېيىلگەن.

شۇنداق قىلىپ زۇلەيخانىڭ كوڭلى خوش بولۇپ «مۇرادىم

ھاسىل بولىدىغان بولدى. دەپ تۇرغان چېغىدا يۈسۈپ ئەلەيھىسسالام ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى. زۇلەيخانىڭ كاللىسىدا ھوش، تېنىدە ھەركەت قالمىدى. ئۇ، خۇددى جېنى تېنىدىن چىققاندەك بىر ھالەتكە چۈشۈپ قالدى. ئۇ، ھەسرەت - نادامەت بىلەن ئورنىدىن تۇرۇپ، قىپ - يالىڭاچ ھالدا يۈسۈپ ئەلەيھىسسالامنى قۇچاغلاش ئۈچۈن يۈگۈردى. يۈسۈپ ئەلەيھىسسالام قاچقان ئىدى، زۇلەيخا قوغلاپ كېلىپ، ئۇنىڭ كۆينىكىگە قول سالدى. نېپىز كۆينەك يىرتىلىپ كەتتى. زۇلەيخا ئۆزىنى تۇختىتالماي يۈزى پەسكە بولغان ھالدا يەرگە يىقىلىپ، ئاغزىدا تۇپراق تىقىلدى ۋە ئىككى ئوتتۇر چىشى سۇندى. يۈسۈپ ئەلەيھىسسالام قېچىپ كەتتى. زۇلەيخا ئورنىدىن قوپۇپ، چىشىدىن بىخەۋەر ھالدا بىھوشلارچە، باشتىن - ئاخىر بەرەھنە، رەڭگى سارغايغان، ئاغزى - بۇرنى قانىغان ھالدا يۈسۈپ ئەلەيھىسسالامنى قوغلاپ چىقتى.

*

بۇ چاغدا ئېزىزى مىسرى تاشقىرىدا تۇرغۇن كىشىلەر بىلەن تۇرغان ئىدى. ئۇ بۇ ۋەقەلەرنى كۆرۈپ، ھاڭۋېقىپ ھەيران بولۇپ قالدى. ئۇنىڭدا گەپ قىلغىدەك ماجال قالمىدى. شۇ چاغدا زۇلەيخا يېتىپ كېلىپ ئۇنىڭغا:

— ئەي ئېزىزى مىسرى! سېنىڭ ھەددى - ھېساپسىز جاۋاھىراتلارنى بېرىپ ئالغان قۇلۇڭنىڭ ئىشىنى كورگىنە، مەن ئىسسىغلاپ كېتىپ كىرىپ ياتقان ئىدىم، ئەمدى ئۇخلىغان ۋاقتىمدا بۇ قۇل مەندىن بىخەۋەر كىرىپ، مېنى ئويغىتىپ، نامەھرەم قولىنى سۇندى، مەن قوبۇل قىلمىسام، ئۇرۇپ ئىككى چىش-

شەمشى سۇندۇردى. خەنجەر سالاي دىگەن ئىدىم، ئالدىمدىن قاچتى. مەن ئۇنى قوغلاپ سېنىڭ قېشىڭغا ئېلىپ چىقتىم، ئەمدى بۇنىڭ جازاسى ئۈچۈن ئۇنى زىندانغا سالغايسەن ياكى پۈتۈن جاھان ئەھلى ئىبرەت ئالغۇدەك قاتتىق ئۇقوبەتكە گىرىپتار قىلغايسەن، - دىدى.

— ئەي يۇسۇپ، - دىدى ئېزىزى مىسرى، - مەن سېنى شۇنداق قىلسۇن، مېنىڭ ھەرىمىمگە قول سۇنسۇن دىگەن ئۈمىت بىلەن مالىك خەزانىغا پۈتۈن مىسرنىڭ جەمئى خەزىنىسىنى بېرىپ سېتىۋالغانمىدىم؟ مەن سېنى پەرزەنتىم دىمىگەنمىدىم؟ سېنىڭ ماڭا قىلغان ئىشىڭ مۇشۇ بولدىمۇ؟

— مەن ئۇنداق ئىشنى قىلغان ئەمەسمەن، - دىدى يۇسۇپ ئەلەيھىسسالام، - زۇلەيخا ماڭا توھمەت قىلىپ يالغان ئېيتىۋاتىدۇ.

بۇنى ئاڭلىغان زۇلەيخا قەسەم قىلدى. ئېزىزى مىسرى ئۇنىڭ سوزىگە ئىشەندى ۋە شۇ ھامان بىر قۇلغا: «يۇسۇپنى چار مىخ قىلىپ قاتتىق ئازاپلىغىن، ئولۇپ كەتسىمۇ مەيلى» دەپ بۇيرىدى.

— ئەي ئېزىزى مىسرى، مېنى ئازاپلاشقا بۇيرىمىغىن، كېيىن پۇشايمان قىلساڭ پايدا بەرمەيدۇ. بۇ ئىشنىڭ راستىنى ئاڭلاپ، مېنىڭ گۇناھىم بولسا، ئاندىن ئازاپلاشقا بۇيرىغىن، - دىدى يۇسۇپ ئەلەيھىسسالام، - مەن پاك، گۇنانى زۇلەيخا قىلغان، مەن قاچتىم، ئۇ قوغلىدى.

— پاكلىغىڭغا گۇۋاھىڭ بارمۇ؟ - سورىدى ئېزىزى مىسرى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېگى ئادرىسى

تىلىھام دىگەن كېنىزەكنىڭ بوشۇكتە 4 ئايلىق بالىسى بار ئىدى، يۇسۇپ ئەلەيھىسسالام «ئەشۇنىڭدىن سورىغىن» دىدى.

— ئەي يۇسۇپ، سەن سارائىمۇ پاكى ئاخماقمۇ، — دىدى ئېزىزى مىسرى، — 4 ئايلىق بالىمۇ سۆزلىيەلەمدىكەن؟

— ئەگەر ئىنايەت ئىلاھى بولسا سۆزلەيدۇ، — دىدى يۇسۇپ ئەلەيھىسسالام.

شۇ زامان بالىنى ئېلىپ چىقىشتى، ئېزىزى مىسرى بالىدىن سورىدى:

— ئەي پەرزەنت، بۇ ناماقۇللۇق كىمدىن ئۆتتى؟

— ئەي ئېزىزى مىسرى، — دىدى بوۋاق بالا، — سەن قاراپ باققىن، يۇسۇپنىڭ كوينىكى ئالدىدىن يىرتىلغان بولسا، گۇنا يۇسۇپتە، ئەگەر ئارقىسىدىن يىرتىلغان بولسا، گۇنا زۇلەيخادا.

ئېزىزى مىسرى قارىسا كوينەك ئارقىسىدىن يىرتىلىپتۇ.

— دىمەك، يۇسۇپ پاك ئىكەن، — دىدى ئېزىزى مىسرى، — بۇ ئىش خوتۇنلارنىڭ ھىلە — مىكىرىسى ئىكەن. ئەي زۇلەيخا، سەن ئۆز گۇناھىڭنى نىمىشقا كىشىگە ئارتىسەن؟

يۇسۇپ ئەلەيھىسسالامنىڭ پاكلىقى مەلۇم بولدى، گۇنا زۇلەيخاغا ئارتىلدى. يۇسۇپ ئەلەيھىسسالام بولغان ۋەقەنى باشتىن — ئاخىرىغىچە سۆزلىمەكچى بولغان ئىدى، جەبرائىل ئەلەيھىسسالام ھازىر بولۇپ:

— ئەي يۇسۇپ، ئانداق سۆزلەرنى ئېيتمىغىن، سەۋرى قىلغىن، زۇلەيخانىڭ سىرىنى ئاشكارىلاپ، شەرمسار قىلمىغىن، — دىدى.

— ئەي يۈسۈپ، — دېدى ئەزىزىمىسرى، — بۇ سىرنى سەنمۇ
كۆڭلۈڭدە ساقلىغىن، مەنمۇ كۆڭلۈمدە بىلەي. ئۇ، زۇلەيخاغا
قاراپ:

— سەن شەرمى - ھايا قىلماي شۇنداق ئىشلارنى قىلىپ -
سەن - ھە زۇلەيخا، ئۆز قولۇڭ بىلەن شۇنداق ھەركەتلەرنى
قىلىپسەنا؟ نىمە دېگەن نومۇس - بۇ؟ مەن بۇ بېشىمنى قانداق
كۆتىرىپ يۈرىمەن ئەمدى؟ - دېدى - دە، ئاچچىغلاپ چىقىپ
كەتتى.

— مانا نىمە ئىشلارنى قىلدىڭ يۈسۈپ؟ - دېدى زۇ -
لەيخا، - مېنى ئەلنىڭ مالامىتىگە قويدۇڭا؟ سەن مەندىن قاچ -
مىساڭ، مەن شۇ ھالغا قالارمىدىم؟ مەن ئەمدى ساڭا شۇنداق
ئازاپلارنى قىلايكى، ئۇنىڭ ھەددى - ھېساۋى بولمىسۇن.

— سەنمۇ ھەرگىز ھايا قىلمىدىڭ زۇلەيخا، ماڭا ئېيتقان
ھەممە سۆزنى سەنمۇ ئاڭلىدىڭغۇ؟ يا خۇدادىن قورقمايسەن، يا
مەخلۇقتىن ئۇيالمايسەن، قانداق قىلماقچى بولساڭ شۇنداق
قىل، مەن ئۇنىڭغا رازى، - دېدى يۈسۈپ ئەلەيھىسسالام.

— خەپ، ماڭا تېتىتقان زەھەرىڭنى ئۆزەڭگە ئىچكۈزمەي
قويمايمەن، - دېدى زۇلەيخا.

ئەمما، زۇلەيخانىڭ ھالى كۈندىن - كۈنگە خاراپلاشتى:
كېچىلىرى ئۇيقۇ يوق، كۈندۈزلىرى بىر لوقما تائام يېمەي
ياكى بىر قەترە سۇ ئىچمەي بىئارام ۋە بىقارار بولاتتى.
ئۇ كۈندىن - كۈنگە ساغىرىپ، پىراق دەردى ۋە ئىشتىياق ئوتى
بارغانسېرى زىيادە بولۇپ كەتتى. بۇ ۋەقە مىسىرنىڭ 5 - 6
خوتۇنلىرىغا ئاڭلاندى. ئۇلار غايىۋانە زۇلەيخانى ئېيىپلىگىلى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ۋە مالامەت قىلغىلى باشلىدى: «زۇلەيخا ئۆزىنىڭ قۇلىغا ئاشىقمىش، ئۇنى ھەممىشە قوغلىشارمىش، قۇلى قاچارمىش.» بۇ خوتۇنلار زۇلەيخاغا ھەسەت قىلىشاتتى. ئۇلاردىن بىرىسى ۋەزىرنىڭ خوتۇنى ئىدى؛ بىرى ساقىنىڭ، بىرى باقاۋۇلنىڭ، بىرى ياساۋۇلنىڭ، بىرى پادىشازادە بولغان خەزىنىدارنىڭ، بىرى مىراخورنىڭ خوتۇنى ئىدى. بۇ ئەلدە ئىززىتى مىسىردىن قالسىلا ئابرۇيلۇق ئادەملەر ئەشۇ ئاياللارنىڭ ئەرلىرى ئىدى. ئۇلار ھەممىشە پادىشانىڭ دەرگاھىدا بولۇشاتتى. بۇ ئالتە خوتۇن زۇلەيخانى ئېيىپلەپ: «زۇلەيخا يەمەن پادىشاسىنىڭ قىزى، ئىززىتى مىسىرنىڭ خوتۇنى بولغايۇ، ئۆزىنىڭ قۇلىغا ئاشىق بولۇپ، ئىگىلىپ، مالامەت ئوقىغا نىشانە بولۇپتۇ — دە! بۇ، بىز قاتارلىق خەققە ئار — نومۇس ئەمەسمۇ؟» دېيىشەتتى. بۇ سۆزلەر زۇلەيخاغا ئاڭلاندى. زۇلەيخا بەكمۇ تەڭلىكتە قېلىپ، ئۆزىنى پارە — پارە قىلىۋەتكىسى كەلدى. ئۇ بىر زىياپەت بەرمەكچى بولدى ۋە يۈسۈپ ئەلەيھىسسالامنى چاقىرىپ دېدى:

— ئەي يۈسۈپ، ئەجەپ بىر تەنە — مالامەتكە قالدىم. بىر نەچچە خوتۇن مېنى ئېيىپ، مالامەت قىلارمىش. مەن بۈگۈن شۇ خوتۇنلارنى مېھمان قىلماقچى. سېنىمۇ شۇ ۋاقىتتا چاقىرسام، ئاپتۇۋا — چىلاپچى ئېلىپ كىرسەڭ ئىدى.

يۈسۈپ ئەلەيھىسسالام قوبۇل قىلدى. زۇلەيخا ئۇ خوتۇنلارنى چىللاشقا بىر نەچچە چۆرىلەرنى بۇيرىدى. ئۇ خوتۇنلار كەلگەندە زۇلەيخا ئۇلارنىڭ ئالدىدا بىردىن تەخسە، بىردىن پىچاق قويۇپ، بىر قاچىدىن پىياز كەلتۈرۈپ: «قىنى ئاغىچىلار پىياز توغراڭلار» دېدى. ئۇلار پىياز توغراشقا باشلىغاندا

زۇلەيخا يۇسۇپ ئەلەيھىسسالامنى چاقىرتتى. يۇسۇپ ئەلەيھىسسالام ئاپتۇۋا - چىلاپچى ئېلىپ كەلدى.

— نىقاۋىڭنى ئالغىن يۇسۇپ، - دېدى زۇلەيخا.

يۇسۇپ ئەلەيھىسسالام يۈزىدىن نىقاپنى كۆتەرگەن ئىدى، بىر يورۇقلۇق بولغاندەك بولۇپ كەتتى. بۇ ئاغىچىلارنىڭ ھەممىسى ئۇنى كۆرۈپ، ئەقلى - ھوشىدىن كەتتى. زۇلەيخا پىياز توغراۋاتقانلارغا قارىسا، ھەممىسى ئۆز قولىنى توغراپتۇ. تەخسىلەرنىڭ ھەممىسى قانغا تولۇپتۇ. كەيگەن سەرۇپىلىرى ۋە دەستىخانلارمۇ قانغا بۇلغىنىپتۇ. زۇلەيخا بۇ خوتۇنلارنىڭ ئىشلىرىغا كۈلۈپ، مەسخىرە قىلىپ قولىنى توغراتتى، بۇ خوتۇنلار يۇسۇپ ئەلەيھىسسالامنىڭ كامالەتكە يەتكەن جامالىنىڭ بىھوشلىغىدا ئۆز قوللىرىنى قەلەم قىلغانلىقىدىن بىخەۋەر ئىدى. ئۇلار بىر چاغلاردا ھوشىغا كېلىپ قارىسا، قوللىرىنى توغراپ، تەخسە بىلەن دەستىخان ۋە كىيىم - كېچەكلىرىنى قانغا بۇلغاپ بولۇپتۇ. ئۇلارنىڭ ھەممىسى خىجالەتچىلىكتىن باش كۆتىرەلمەي «بۇ ئادەم ئەمەس، بەلكى خۇدايىتائالا ئۆز جامالىنى ئەلگە كۆرسىتىش ئۈچۈن ئەۋەتكەن پەرىشتە ئىكەن» دېيىشتى.

— ئېيتىڭلارچۇ ئاغىچىلار، ھەممە ئادەم مېنى مالامەت قىلىشىدۇ، زادى مالامەت ئوقىغا نىشانە بولغۇچىلىكى بارمىكەن - يوقمۇ؟ - دەپ سورىدى زۇلەيخا.

— بىز بىر كۆرمەك بىلەن بۇ ھالغا قالدۇق، - دېيىشتى ئاغىچىلار، - سىز ھەمىشە ئۇنىڭ قېشىدا تۇرۇپ ئۆلمەي تىرىك يۈرگەنلىگىڭىزگە ئاپىرىن.

ئۇلار ئارقا - ئارقىدىن ئۆزرە قويۇشقا باشلىدى. ئەمما

ھەممىسى ئۆز ئىچىدە: «بىر سائەتمۇ بولسا يېنىمدىن ئاجرىمىساق، ئۇنىڭ جامالى بىلەن شاد - خۇرام بولساق، قاراڭغۇ كۆزىمىزنى روشەن، غۇنچە كۆڭلىمىزنى گۈلشەن قىلساق» دەپ نالە قىلىشاتتى. ئەمما زۇلەيخانىڭ سۆزىگە جاۋاپ بەرگىدەك ئەس-ھوشى يوق ئىدى.

— ئەي مەزلۇملار، ئۆزەڭلەرگە قاراڭلار، - دېدى يۈسۈپ ئەلەيھىسسالام تەبەسسۇم قىلىپ.

ئۇلار يەنە ئۆزلىرىگە قارىسا، ھەممە بىساتىنىمۇ قانغا بويىۋېتىپتۇ. ئۇلار خىجالەت بولۇپ:

— ئەي زۇلەيخا، بارلىق تەھسىن-ئاپىرىنىمىزگە بولغۇنكى، ئەجەپ بەرداشلىق بېرەلەپسىز، - دېيىشتى. زۇلەيخا بۇلارنىڭ ئالدىدا ئۆز ئىشلىرىنى سۆزلەپ بەردى:

— مەن ئۇنى ئۆز نەپسىمگە تەرغىپ قىلسام، ئۇ ھەرگىز قوبۇل قىلمىدى. ئەگەر قوبۇل قىلمىساڭ، تۈرلۈك ئازاپلار بىلەن قىينايمەن دېسەم: «مېنى خۇدايىم ئۇنىڭ شەررىدىن ساقلايدۇ» دەيدۇ. ئەمدى ئۇنى زىندانغا سالدۇرىمەن.

— زىندانغا سالدۇرمايتۇرغىن، - دېيىشتى ئۇ خوتۇنلار، — بىز ئۇنى زىندان جاپاسىدىن قورقىتايلى، سەن تەرەپكە مايىل بولۇشى مۇمكىن.

— ئەي يۈسۈپ، - دېيىشتى خوتۇنلار يۈسۈپ ئەلەيھىسسالامنى قورقۇتۇپ، - زۇلەيخانىڭ سۆزىنى نېمىشقا قوبۇل قىلمىدىڭ؟ ئۇ، سېنى ناھايىتى كۆپ مال بېرىپ سېتىۋالدى، سېنى ھەرقانداق ئازاپلىسا، ھەتتا ئۆلتۈرسىمۇ ھەقلىق ئەمەسمۇ؟

لېكىن، ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئۇز كوڭلىدە: «بۇنىڭدىن مەن ياخشى، بۇنى تاشلاپ، مەن بىلەن بولغىن» دېيىشەتتى.

شۇ ئەسنادا يۇسۇپ ئەلەيھىسسالام خۇداغا مۇناجات قىلىپ:

— ئىلاھا، بالدۇر زۇلەيخا يالغۇز ئىدى، شەيتان بىلەن بىر بولۇپ مېنى دەرگاھىڭدا ئاسىي ۋە شەرمەندە قىلىشقا باشلىدى، ئەمدى ئۇنىڭغا 6 خوتۇن قوشۇلدى، ئەمدى ھالىم نىمە بولار، — دېدى.

خوتۇنلار بىرلىشىپ: «بۇنىڭدىن كېيىن زۇلەيخا بۇ قۇلىنى بىزگە كورسەتمەيدۇ، بىز دەۋەت قىلىپ بۇنى زىندانغا سالدۇرساق، شۇندىلا كورەلەيمىز» دەپ مەسلىھەتلەشتى ۋە:

— ئەگەر سوزۇڭنى قوبۇل قىلمىسا، زىندانغا سالدۇرغىن، — دېدى زۇلەيخاغا.

يۇسۇپ ئەلەيھىسسالامۇ:

— خۇدايا پەرۋەردىگارا، ماڭا زۇلەيخانىڭ مۇھەببىتىدىن زىنداننىڭ مۇھەببىتى ياخشىراق، — دەپ مۇناجات قىلدى.

شۇنداق قىلىپ، بۇ 6 خوتۇن ئارقا — ئارقىدىن: «يۇسۇپنى زىندانغا سالدۇرغىن، بۇنىڭ بەدناملىقى سەندىن كوتۇرۇلۇپ كەتسۇن» دەپ دەۋەت قىلدۇۋەردى. زۇلەيخامۇ: «ئېزىزى مىسرى يۇسۇپنىڭ پاكلىقىنى بىلدى، لېكىن بۇ توغرىدا ھېچنىمە دېيەلمەي تەڭلىكتە قالدى. ئاخىرى ئوزەم رەسۋا بولىدىغان ئوخشايمەن، ئەمدى يۇسۇپنى زىندانغا ئەۋەتسەم كېرەك. خالايىقمۇ قۇلى بىئەدەپلىك قىلغان ئىكەن دەپ قالسۇن، دەپ ئويلىدى — دە، يۇسۇپنى زىندانغا سالدۇرۇشنى قارار قىلىپ، يەنە بىر قېتىم سورىدى:

— ئەي يۇسۇپ، مېنىڭ مۇرادىمنى ھاسىل قىلامسەن ياكى زىندانغا كىرەمسەن؟

يۇسۇپ ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭ مۇرادىنى ھاسىل قىلىشقا ھەرگىز ئۇنىمىدى.

ئۇنىدىن كېيىن زۇلەيخا ئېزىزى مىسىرگە دالالەت قىلىپ، يۇسۇپنى زىندانغا سېلىشقا ماقۇل كەلتۈردى. يۇسۇپ ئەلەيھىسسالامنىڭ تونىنى سالدۇرۇۋېلىپ، ئەسكى چاپان كەيدۈرۈپ، بويىنىغا تاقاق، قولىغا زەنجىر، پۇتىغا كىشەن سالدۇرۇپ زىندانغا تاشلىدى.

يۇسۇپ ئەلەيھىسسالام زىندانغا كىرىشتە: «بىسمىللاھىررەھمانىررەھىم» دەپ قەدەم تاشلىدى. ئاندىن كېيىن: «ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم ئەي زىندان ئەھلى!» دەپ سالام بەردى. زىنداندىكىلەر بولسا: «ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام» دەپ جاۋاپ بېرىشتى. يۇسۇپ ئەلەيھىسسالام بېرىپ بىر بۇلۇڭدا ئولتۇردى، بىر ئازدىن كېيىن نامازدىگەر بولدى، نامازدىگەر ئوقۇدى.

ئاللاتائالا زىنداندا ئىككى تۈپ دەرەخ ئۈندۈردى، بىرىدىن يېگىلى تائام، ئىككىنچىسىدىن ئىچىشكە شەرۋەت چىقاتتى. زىنداندىكىلەر بەكمۇ خوشال بولۇشتى. يۇسۇپ ئەلەيھىسسالامغا زىنداندىكىلەر بەكمۇ ئىززەت - ئىكرام قىلىشتى. زىندانىنىڭ بىساتىنى بەكمۇ پاكىز تۇتۇپ تازىلاپ تۇرۇشتى.

يۇسۇپ ئەلەيھىسسالام كۈندۈزنى روزى بىلەن، كېچىنى ناماز بىلەن ئۆتكۈزەتتى. ھېلىقى قولى كېسىلگەن خوتۇنلار تۈرلۈك - تۈرلۈك تائاملارنى تەييارلاپ، زىندانغا ئەۋەتىشەتتى. يۇسۇپ ئەلەيھىسسالام ئۇ تائاملارنى زىنداندىكىلەرگە بېرەتتى.

— ئەي يۇسۇپ، - دېيىشتى زىندانىدىكىلەر، — بىز سىزنى جاندىن ئېزىزراق بىلىمىز.

— ئاتام مېنى جاندىن ئېزىز بىلەتتى، قۇل بولۇپ سېتىلدىم، - دىدى يۇسۇپ ئەلەيھىسسالام، — زۇلەيخا جاندىن ئېزىز دەپ بىلەتتى، زىندانغا چۈشتۈم، ئەمدى سىلەرمۇ بۇنداق دەۋاتىسىلەر، يەنە نىمە جاپالارغا قالارمەنكى ئەمدى.

زۇلەيخا بولسا، يۇسۇپ ئەلەيھىسسالامنى زىندانغا سالدۇرغىنىغا ھەددى - ھېسابسىز پۇشايمان قىلدى، ئەمما پۇشايمان پايدا بەرمىدى، ئۇ، ھەرگىز ئارام ئالالمىدى، كوزىدىن ياش قۇرىمىدى. كۈننى تۈنگە ئۇلاپ، تائام يىمەي، سۇ ئىچمەي يىغلاۋېرىپ، گۈلدەك يۈزى سارغىيىپ زەپىرەڭ بولدى. ئۇ، يۇسۇپ ئەلەيھىسسالامنى بىر دەقىقىمۇ ئۇنتۇيالمىدى. پىراق دەردى ۋە ئىشتىياق ئوتى ئۇنىڭ جىگەرىنى كاۋاپ، ھالىنى خاراپ قىلدى. ئۇ، تاقەت قىلالماي ئەرەنچە كىيىم كىيىپ، بىرنەچچە كېنىزىكىنى بىللە ئېلىپ، زىندان ئىشىكىگە كەلدى. زىندان قاراۋۇلى «ئېزىزى مىسىرى كەلدى» دەپ ئويلاپ، ئالدىغا چىقىپ، تازىم بىجا كەلتۈرگەن ھالدا يەرنى سويدى.

— يۇسۇپنىڭ قول - پۇتىدىكى زەنجىر - كىشەنلەرنى نىمىشقا ئالدىڭ؟ - دەپ سورىدى زۇلەيخا.

— يالغان سوزلەپتۇ، ئالغىنىمىز يوق، - دىدى زىندان قاراۋۇلى.

— قېنى بۇياققا ئېلىپ چىق، - دىدى زۇلەيخا، - مەن كورىمەن.

قاراۋۇل ئۇنى تاقاق ۋە زەنجىر - كىشەنلەر بىلەن

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

ئېلىپ چىقتى. زۇلەيخانىڭ غەرىزى يۈسۈپ ئەلەيھىسسالامنى بىر كۆرۈش ئىدى. ئۇ، يۈسۈپ ئەلەيھىسسالامنى كۆرگەندىن كېيىن، «ئاھ ئۇرۇپ، پەريات قىلىپ يۈرۈكۈمنى بىر بوشىتىۋالاي» دەپ ئويلىدى - يۇ، يەنە ئەندىشە قىلىپ ئۆزىنى توختىتىۋېلىپ، سەۋرى - تاقەت بىلەن قايتىپ كەتتى. زۇلەيخا ئۆيىگە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، بېشىنى تامغا ئۇرۇپ شۇنداق يىغلىدىكى، ھەممە كېنىزەكلىرى ئالدىغا كېلىپ نالە - پەريات قىلىشىپ كەتتى. ئۇ بىتاقەتلىكىدىن زىندان قاراۋۇلىغا:

— يۈسۈپنى كۈندە ئون تاياق ئۇرغىن، تاياقتا چىدىماي ۋاقىرىسۇن! - دەپ بۇيرىدى.

زىندان قاراۋۇلى يۈسۈپ ئەلەيھىسسالامنى بىگۇنا ئۇراتتى. ئۇنىڭ نالە - زارىنى ئاڭلاپ زۇلەيخانىڭ كۆڭلى بىر ئاز تەسكىن تاپاتتى. زۇلەيخانىڭ كېنىزەكلىرى:

— بىر بىگۇنا مەسۇمغا بۇنداق جەۋرى - جاپا قىلىشىڭىزنىڭ سەۋەبى نېمە؟ - دەپ سورىدى.

— قانداق قىلاي ئەمدى؟ ئۆزىنى كۆرەلمىگەچكە، ئاۋازىنى بولسىمۇ ئاڭلاي دەپ، كۆڭلۈم بىر ئاز تەسكىن تاپارمىكىن دەپ شۇنداق قىلىمەن، - دىدى زۇلەيخا.

شۇندىن كېيىن زۇلەيخا زىندان قاراۋۇلىنى يەنە چاقىرتىپ كېلىپ دىدى:

— ئەمدى ئۇرمىغىن، ئەمما كۈندە بىر قېتىم ئۆزى قىچقىرىپ - توۋلاپ قويسۇن!

*

ئەنە شۇ ھال داۋام قىلىپ يۈسۈپ ئەلەيھىسسالام ئالتە يىل زىنداندا ياتتى. بىر كۈنى ئۇ: «ئىلاھا، ئەمدى ھالى -

ئىمكانىم قالمىدى، خەيرلىك بەرگەيسەن،» دەپ مۇناجات قىلغان ئىدى، شۇ ھامان جەبرائىل ئەلەيھىسسالام ھازىر بولدى ۋە ئاللا تائالانىڭ سالىمىنى يەتكۈزۈپ: «ئەي يۇسۇپ، شەيتاننى مەغلۇپ قىلدىڭ، ئاللاتائالانى ئۇنتۇمىدىڭ، ئاللاتائالا ساڭا سابىر (سەۋرى قىلغۇچى - م) ۋە سىدىق (راست سوزلىگۈچى، سادىق - م) دېگەن ئۇنۋاننى ئاتا قىلدى،» دېدى.

— ئاتام سالامەت بارمۇ؟ - دەپ سورىدى يۇسۇپ ئەلەيھىسسالام.

— سالامەت بار، - دېدى جەبرائىل ئەلەيھىسسالام، - ئاللاتائالا ئۇنىڭغا سەۋرى قىلىشنى بۇيرىدى. بەسەۋرلىك قىلىشقا ئىلاجى يوقتۇر. ئەي يۇسۇپ، سەنمۇ سەۋرى قىلغىن. شۇنداق بىر كۈن بولىدۇكى، بارلىق مىسىر خەلقى ساڭا قۇل، چاكار بولىدۇ. بۇرۇن بىر چۈش كورگەن ئىدىڭ، ئەمدى ئۇنىڭ ئەسىرىنى كورۇسەن. سېنىڭ بەنتلىكتىن ئازاتلىققا يېتىش ۋاقتىڭ يېقىندۇر. ساڭا زۇلۇم قىلغان ئۇ كىشىلەر نادامەت قىلغاي. سەن مىسىرغا پادىشا بولىسەن. ساڭا چۈش تەبىرىنى ئۆگىتەي.

ئۇ، يۇسۇپ ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاغزىغا مەرۋايىتتەك بىر نەرسىنى سالغان ئىدى، ئۇ نەرسىنىڭ تەمى بارلىق تومۇرلىرىغا تارقاپ، چۈش تەبىرى ئەنە شۇنىڭدىن ھاسىل بولدى. بۇ، ئىلمىي ھىكمەت ۋە ئىلمىي تەبىر ئىدى.

يۇسۇپ ئەلەيھىسسالام يەنە بىرنەچچە ۋاقىت زىنداندا ياتتى. زەنجىر - تاقاقلارنىڭ ئېشىنىشىمۇ خۇدا ئاسان قىلغان ئىدى. ھەرقاچان خالىسا ئېلىپ قويۇپ، يەنە خالىسا سېلىپ

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى www.uyghurkitap.com ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى

قويىۋېتىپتۇ. زىنداننىڭ بىر چېتىدىن كوچىغا قاراپ ئولتۇراتتى، بىر مۇساپىرنىڭ ئۆتۈپ كېتىۋاتقانلىقىنى كوردى. ئۇ مۇساپىرنى چاقىرىپ سورىدى:

— نەدىن كەلدىڭ؟

— شامدىن كەلگەن غېرىپمەن، — جاۋاپ بەردى مۇساپىر.

— ياقۇپ ئەلەيھىسسالامنى بىلەمسەن؟

— ئۆزىنى ۋە ئەھۋالىنىمۇ بىلىمەن.

— ئۇنىڭ ئەھۋالى قانداق؟

— بىر تۈپىلىكتە ئولتۇرۇپ، يولغا قاراپ: «ئاھ يۇسۇپۇم!» دەپ يىغلايدۇ، — دىدى مۇساپىر.

— مېنىڭ سالىمىمنى يەتكۈزەلەمسەن؟

— يەتكۈزەلەيمەن.

— تەن - ساقلىقى قانداقراق دىدىڭ؟ — يەنە سورىدى يۈسۈپ ئەلەيھىسسالام.

— رەڭگى سارغىيىپ، بېلى دۈمچەك، كوزى كورمەس بولۇپ قاپتۇ، — دىدى مۇساپىر.

يۈسۈپ ئەلەيھىسسالام تاپىلاپ دىدىكى:

— ئەگەر بارساڭ مىسىر زىندانىدا بىر يىگىت بىلەن كورۇشتۇم، باغرى ئېزىلىك، كوزى گىريان، ئوزى ھەيران، بويىنىدا تاقاق، قولىدا زەنجىر، پۇتىدا كىشەن، 7 يىلدىن بۇيان زىنداندا ياتىدۇ، دەپ سالىمىمنى ئەلۇەتتە يەتكۈزگىن.

ئۇ مۇساپىر يۈسۈپ ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىسمى - شەرىپىنى سورىغان ئىدى، «ئېيتىشقا ئاللاتائالادىن ئىجازەت يوق» دەپ ئېيتىپ بەرمىدى.

*

ئۇ كىشى شامغا قايتىپ باردى. كېيىن كەنئانغا بېرىپ، ياقۇپ ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا كىرىپ سالام قىلدى. ياقۇپ ئەلەيھىسسالام: «قەيەردىن كەلدىڭ؟» دەپ سورىدى. مۇساپىر: «مىسىرغا بارغان ئىدىم، ئۇ يەردە بىر يىگىت سىزگە سالام ئېيتتى» دەپ خەۋەر يەتكۈزدى ۋە كۆرگەن - ئاڭلىغانلىرىنىڭ ھەممىسىنى بايان قىلدى.

— ئىسمى نېمە ئىكەن؟- دەپ سورىدى ياقۇپ ئەلەيھىسسالام.

— سورىسام «ئىسمىمنى ئېيتىشقا پەرمان يوق» دىدى،- دەپ جاۋاپ بەردى مۇساپىر.

— سەن سۈپەتلىگەن بۇ گەپلەردىن قارىغاندا، ئۇ يىگىت مېنىڭ يۈسۈپۈم ئوخشايدۇ. ئۇنىڭغىمۇ نامىنى ئېيتىش مەنئى قىلىنىپتۇ، - دىدى ياقۇپ ئەلەيھىسسالام ۋە بىر نەرە تارتىپ ھۇشىدىن كەتتى. ھەممە ئوغۇللىرى كېلىپ، ئۇ كىشىگە ئاچچىغلاپ:

— ئاتىمىز كېدىل ئىدى، ھەر قىسىما ئادەملەر كېلىپ، ھەر خىل گەپلەرنى قىلىپ، كېسەلىنى تېخىمۇ زىيادە قىلىشىدۇ،- دېيىشتى. ياقۇپ ئەلەيھىسسالام ھۇشىغا كېلىپ، ئورنىدىن تۇرغاندىن كېيىن، ئۇ خەۋەرچىمۇ قايتىپ كەتتى. ياقۇپ ئەلەيھىسسالامدا يۈسۈپ ئەلەيھىسسالامنىڭ دەردى - پىراقى تېخىمۇ زىيادە بولدى.

*

ئاردىن بىرنەچچە يىل ئۆتتى. ھېلىقى قولىنى تۇغرىغان خوتۇنلار يۈسۈپ ئەلەيھىسسالامنىڭ جامالىنى بىر كورسەك، دەپ

ئۇيغۇر كىتاب تورىبكتى
www.uyghurkitap.com

ئارزۇ قىلىپ يۈرۈشەتتى، ھەممىشە زىندانغا دۇئايى سالام ئەۋەتىپ تۇرۇشاتتى. ئۇلار: «زۆلەيخا بىزنىڭ سوزىمىز بىلەن سىزنى زىندانغا سالدى. ئەگەر بىزنىڭ مۇرادىمىزنى ھاسىل قىلسىڭىز، ھېلىھەم بولسا، زىنداندىن خالاس قىلىمىز» دېيىشتى.

— مەندىن ئۇنداق تاما قىلماڭلار، دېدى يۈسۈپ ئەلەيھىسسالام، — ئەگەر مەن ئۇ ئىشقا رازى بولىدىغان بولسام، زۆلەيخانىڭ سوزىنى قوبۇل قىلغان بولاتتىم. ئەمدى مەن ئۇنداق ئىشنى ھەرگىز قىلمايمەن!

ھەممە خوتۇنلارنىڭ ئۈمىدى ئۈزۈلدى. زۆلەيخامۇ يۈسۈپ ئەلەيھىسسالامنى ھېچقانداق قىلىپ كورەلمىدى. ئۇ، يۈسۈپ ئەلەيھىسسالامنىڭ زىنداندا كورگەن جاپالىرىدىن ئارتۇغراق جاپا - مۇشەققەت تارتاتتى.

زۆلەيخا بىر نەچچە يىل بۇرۇن يۈسۈپ ئەلەيھىسسالامنى چۈشىدە كورۈپ، ئىشق ئوتىدا ئورتىنىپ يۈرەتتى، ئاخىرى ئۇنىڭ جامالىنى كورۈشكە مۇيەسسەر بولدى. لېكىن كوڭلىدىكى مۇرادىنى ھاسىل قىلالمىغاچقا، قورقۇتۇش ئۈچۈن زىندانغا سالغان ئىدى، ئەمما بۇ ئىشمۇ پايدا بەرمىگەندىن كېيىن، سەل ھوشىغا كەلگەندەك بولدى ۋە: «مەن خېلى ياشقا كىرىپ قالدىم، بىراق بىر ياش بالىغا مۇپتىلا بولۇپ، بىر مۇنچە مالامەتكە قالدىم. ھازىر ئەمدى سەۋرى قىلىشىم لازىم بولۇپ قالدى» دەپ ئويلىدى ھەم قىلمىشىغا پۇشايمان يېدى. «ئەمدى يۈسۈپنى زىنداندىن چىقىرىپ قويسام خەلقلەر سوز - چوچەك تارقىتىپ، تەنە قىلىپ يۈرمىسىگىدى» دەپ ئېھتىيات قىلىپ، زىندانغا تائام، سۇ ۋە كىيىم - كېچەك ئەۋەتىپ تۇردى.

*

شۇ يىل ئىچىدە پادىشا رويان ساقى بىلەن ياقاۋۇلنى زىندانغا سالدى. بۇنىڭ سەۋەبى مۇنداق ئىدى: رويان بىلەن مەغرىپ پادىشاسىنىڭ دۈشمەنلىكى بار ئىدى. مەغرىپ پادىشاسى بىر كۈنى ئۆز ۋەزىرلىرى بىلەن: «قانداق قىلساق روياننىڭ تەختىنى تاۋۇتقا تارتالايمىز» دېگەن ئىش ئۈستىدە مەسلىھەتلەشتى.

— روياننىڭ ئالدىدا ئىككى مۇتىۋەر كىشى بار: بىرى، باقاۋۇل، بىرى ساقى، - دېدى مەغرىپ پادىشاسىنىڭ ۋەزىرى مەسلىھەت كۆرسىتىپ، - بۇلارغا كۆپ مال ئەۋەتسەك ساقى شاراپ بىلەن، باقاۋۇل تائام بىلەن زەھەر بېرىدۇ. رويان ئۆلگەندىن كېيىن مۇرادىمىز ھاسىل بولىدۇ.

بۇ سۆز مەغرىپ پادىشاسىغا ماقۇل كەلدى. ئۇ، ئىككى كىشىنى چاقىرىپ، ناھايىتى كۆپ زەرۇ - زىۋەر ھەم كۆپ ۋەدىلەرنى بېرىپ مىسىرغا ئەۋەتتى. ئۇلار مىسىرغا كېلىپ بىر خوتۇنغا ئاشنا بولىۋالدى ۋە ئۇنىڭغا بىر بولۇك ئالتۇن بەردى. بۇلارنى ئۇ خوتۇن ساقى بىلەن ئۇچراشتۇردى. بۇلار ياخشى دوست بولۇشۇپ بېرىش - كېلىش قىلىشتى، ئاخىرى مەغرىپ پادىشاسىنىڭ خەت ھەم ۋەدىسىنى يەتكۈزدى. بۇلارمۇ بىجانىدىل قوبۇل قىلدى. قايتقاندىن كېيىن، ساقى پىكىر يۈرگۈزۈپ: «شاھ رويان بىزگە ئىشىنىپ، ئۆزىگە يېقىن قىلدى. ئۇنىڭ بىھېساپ دۆلىتىنى كوردۇق، مەن بۇنداق ئىشنى قىلالمايمەن» دەپ ئويلاپ ئەندىشە قىلىپ تۇرۇشىغا ھېلىقى خوتۇنمۇ ئۇنى يوقلاپ كەلدى ۋە ساقىغا:

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

— شاھ رويان ساڭا ئىشىنىپ ئۆزىگە دوست قىلدى، ياخشى ئاتقا مىندۈردى، ياخشى تون كەيدۈردى. ئۇنىڭ نۇرغۇن دولىتىنى كۆرگەن تۇرۇغلۇق ئەمدى كورەلمەسلىك قىلىپ، بىر دۈشمەنىنىڭ يالغان ۋەدىسىگە ئىشىنىپ، ئۇنىڭغا خىيانەتكارلىق قىلامسەن؟ - دېدى. ساقمۇ:

— مەنمۇ شۇنى ئويلاپ يۈرەتتىم، سىزنىڭ سوزىڭىز مېنىڭ ئەندىشەمگە قۇۋۋەت بولدى، - دېدى - دە، بېرىپ پادىشاغا:

— ئەي پادىشاھى ئالەم! بىزنىڭ پاناھىمىزسەن، باقاۋۇلنىڭ باشقىچىرەك بىر سىرى بارلىغىنى سېزىپ قالدىم، مۇبادا خىيانەت قىلىپ قالسا، بىرەر ئىش بولۇپ قالمىسۇن، خەۋەردار بولغايلا، - دېدى.

پادىشا باقاۋۇلنى چاقىرتىپ:

— سەن بىلەن ساقىنى ماڭا خىيانەت قىلمايدۇ، دىگەن ئۈمىدىم ئۈزۈلدى، - دېدى.

بۇنى ئاڭلىغان باقاۋۇل:

— مەندە گۇمان قىلىدىغان ھېچقانداق ئىش يىرق، لېكىن، مەن ساقىدىن گۇمان قىلاتتىم، - دېدى.

پادىشا بۇلارنىڭ ھەر ئىككىسىدىن بەد گۇمان بولۇپ: «بۇلارنى نىمە قىلىش كېرەك؟» دەپ ئېزىزى مىسىرىگە مەسلىھەت سالدى.

— ئادەم ئۆلتۈرۈش ئاسان، لېكىن تىرىلدۈرۈش تەس، بۇلارنى زىندانغا سالماق كېرەك، - دەپ مەسلىھەت بەردى ئېزىزى مىسىرى.

شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئىككىسى زىندانغا تاشلاندى.
ساقىنىڭ ئىسمى بەھلىس، باقاۋۇلنىڭ ئىسمى يونا ئىدى.

*

زىنداندىكىلەرنىڭ ھەممىسى يۈسۈپ ئەلەيھىسسالامنى بەك-
مۇ دوست تۇتۇشاتتى، قانداق چۈش كۆرسە ئېيتىشاتتى. بىر
كۈنى كېچىسى ساقى چۈش كۆردى. چۈشىدە ئۇ، بىر گۈزەل
باغدا تۇرغانىمىش. باغدا رەڭگا - رەڭ مېۋىلەر پىشىپ تۇرغان-
مىش. باغدا يەنە بىر تۈپ تال ئۈزۈم بار ئىمىش، ئۇنىڭدا
3 ساپ ئۈزۈم پىشىپ تۇرغانىمىش. ساقى ئۈزۈمنى ئېلىپ سىقاي
دەپ تۇرغاندا ئويغىنىپ كەتكەنىمىش. ساقى خۇشال بولۇپ،
باقاۋۇل بىلەن بىللە كېلىپ، چۈشنى ئېيتىپ، يۈسۈپ ئەلەيھىس-
سالامنىڭ تەبىر بېرىشىنى سورىدى. يۈسۈپ ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭ
ئۇنتۇپ قالغانلىرىنىمۇ ئېيتىپ بەردى. ساقى ھەيران قالدى ۋە:

— چۈشۈمنى مەندىن ياخشىراق بىلىدىكەنسىز، ئەمدى
تەبىرىنى ئېيتىڭىز، - دېدى.

— 3 كۈندىن كېيىن، - دېدى يۈسۈپ ئەلەيھىسسالام، -
سېنى زىنداندىن چىقىرىپ، سۆزۈڭنىڭ راستلىقىنى ئىسپاتلاپ،
ئوزرە قويۇپ، سەرۇپا كېيگۈزۈپ، مەنسىپىڭنى ئۇستۇرىدۇ.
ئىززەت - ھۆرمىتىڭ ئاۋۋالقىدىن زىيادە بولىدۇ.

ئۇندىن كېيىن باقاۋۇلمۇ چۈشىنى سۆزلىدى:

— مەنمۇ بىر چۈش كۆردۈم. پادىشا ئۆز ھوجرىسىدا ئى-
مىش. مەن 3 تونۇر نان پۇشۇرغانىمىشمەن. بۇ تونۇرلارنىڭ
بىرسى قىزىل، بىرسى ئاق، بىرسى سېرىقمىش. بۇ نانلارنى 3
تەۋەڭگە سالغانىمىشمەن، بېشىمغا قويۇپ پادىشاغا ئاپىراي دې-

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

كەن چاغدا ھاۋادىن قۇشلار كېلىپ، تالىشىپ ئېلىپ كېتەرمىش.

يۇسۇپ ئەلەيھىسسالام جاۋاپ بەرمىدى. باقاۋۇل كوپ جېدەل قىلدى. يۇسۇپ ئەلەيھىسسالام: «كورمىگەن چۈشنىڭ تەبىرى يوق» دىگەن ئىدى، باقاۋۇل: «مەن بۇ چۈشنى كوردۇم» دەپ تۇرىۋالدى. ئاخىرى يۇسۇپ ئەلەيھىسسالام دىدىكى:

— 3 كۈندىن كېيىن، سېنى زىنداندىن چىقىرىدۇ. پادىشا سېنى چارسۇدا دارغا ئېسىشقا بۇيرىشى مۇمكىن، گوشۇڭنى قۇرۇت - قوڭغۇزلار يەيدىكەن.

بۇ تەبىرنى ئاڭلىغان باقاۋۇل:

— مەن يالغاندىن ئېيتقان ئىدىم، مەن چۈش كورگىنىم يوق، - دىدى.

— كورگەن بىلەك - بولمىساڭمۇ شۇنداق بولىسەن، - دىدى يۇسۇپ ئەلەيھىسسالام، - تەقدىر - قازا كەلگەن، قەلەم شۇنداق پۈتكەن، ئەشۇنداق بولىسەن!

3 كۈندىن كېيىن كىشى كېلىپ، بۇلارنى پادىشانىڭ دەرگاھىغا ئېلىپ بارىدىغان بولدى. يۇسۇپ ئەلەيھىسسالام ساقىغا شۇنداق دىدى:

— بۇ قېتىم سەن پادىشاغا ئاۋالقىدىنمۇ يېقىن بولۇپ كېتىسەن، سەن مېنى ئۇنتۇپ قالما، پادىشاغا ئېيتىپ قويغىن. مېنى بىشۇتمۇتسۇن. مەن زىنداندىن قۇتۇلۇشنى خالايمەن.

ئۇنىڭ بۇ سوزى ئاللاتائالاغا مەقۇل كەلمىدى. شۇ زامان تەڭرىدىن جەبرائىلغا: «بېرىپ يۇسۇپكە ئېيتقىن، مەخلۇقتىن پانا تىلىگەنلىكى ئۈچۈن، زىنداندا يەنە 6 يىل ياتقۇزىمەن» دىگەن پەرمان كەلدى.

جەبرائىل ئەلەيھىسسالام بۇ پەرماننى يەتكۈزۈپ بولغان-دىن كېيىن سورىدى:

— ئەي يۇسۇپ، سېنى كىم ياراتقان؟

— ئاللاتائالا ياراتقان.

— قۇدۇقتىن، ئاكىلىرىڭنىڭ دۈشمەنلىكى ۋە تۆھمەتتىدىن، ئېزىزى مىسىرنىڭ غەزىۋىدىن، زۇلەيخانىڭ مەكرىدىن، شەي-تاننىڭ شەررىدىن كىم خالاس قىلغان، كىم پانا بولغان، كىم قۇتقازغان؟

— ئاللاتائالا، — دەپ جاۋاپ بەردى يۇسۇپ ئەلەي-ھىسسالام.

— ئۇنداق بولسا، — دېدى جەبرائىل ئەلەيھىسسالام، — نېمە ئۈچۈن ساقىنى ۋاستە قىلىپ روياندىن پانا تىلىدىڭ؟ زىندانغا كىرگىنىڭگە 6 يىل بولغان ئىدى، بەندىدىن پانا تىلىگەن سۆ-زۈڭنىڭ مۇكاپاتى ئۈچۈن يەنە 6 يىل ياتىدىغان بولدۇڭ.

*

ساقى، باغۋۇل پادىشانىڭ ئالدىغا ئېلىپ بېرىلدى. سا-قىنىڭ شارابىدىن گۇمان قىلىنغان ئىدى، ساقى ئېلىپ ئىچتى، ھېچنېمە بولمىدى. باغۋۇلنىڭ ئالدىغا ئەشۇ كۈنى ئەتكەن تائاملىنى قويغان ئىدى، ئىچكىلى ئۇنىمىدى. پادىشا ساقىغا ياخشى ئورۇن بەردى، باغۋۇلنى ئېسىپ ئۆلتۈردى، گۆشىنى قۇشلار يېدى، ئۇنىڭ كۆرگەن چۈشىنىڭ كارامىتى شۇ بولدى.

*

زۇلەيخا ھەر كۈنى كېچىسى زىندانغا كېلىپ ئولتۇراتتى، يۇسۇپ ئەلەيھىسسالام ئىبادەت قىلىش بىلەنلا بولاتتى، زۇلەيخا

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

بىلەن ئۇچراشمايتتى ۋە ئۇنىڭغا پەرۋاھۇ قىلمايتتى. ئۇ، ئولـ
تۇرۇپ - ئولتۇرۇپ، تاڭ ئاتقاندا سارايغا كېتەتتى.

بىر كۈنى جەبرائىل ئەلەيھىسسالام كېلىپ:

— ئەي يۈسۈپ، بۇ دۇئانى ئوقۇغىن، ئاللاتائالا سېنى زىنداندىن خالاس قىلغاي، - دېدى ۋە بىر دۇئا ئۆگەتتى.

يۈسۈپ ئەلەيھىسسالام ئۇ دۇئانى ئوقۇۋەردى. بىر ۋاقىتتا، بىر پەرىشتە كېلىپ، ئۇنىڭغا دېدى:

— ئەي يۈسۈپ، شاھ رويان چۈش كورگەن، سەن ئۇنىڭ تەبىرىنى ئېيتىسەن، شۇ سەۋەپ بىلەن زىنداندىن خالاس بولغايسەن.

*

راۋايەت قىلىنىشىچە، بىر كۈنى رويان شاھ تائامنى كوپ يەپ، ئوزاققىچە ئولتۇرۇپ ھىكايە ئاڭلىدى ۋە ئۇيقىسى كەلگەندە ئۇخلاپ بىر چۈش كوردى. ئەتىسى بارلىق تەبىرچىلەرنى يىغدۇرۇپ سوزلىدى:

— بۈگۈن كېچە بىر چۈش كوردۈم. مەن نىل دەرياسىنىڭ قىرغىقىدا ئولتۇرغانىمىشمەن، دەريادىن 7 ئىنەك چىقارمىش، ھەممىسى سېرىق قاشقىلىق، سېمىز بولۇپ، ئەمچەكلىرىدىن سۈت ئېقىپ تۇرارمىش، بىردەمدىن كېيىن دەريادىن يەنە 7 ئىنەك چىقارمىش، ئوزى ئورۇق، چىشلىرى چوچقىنىڭكىدەك، پىلغا ئوخشاش تۇمشىقى بار ئىنەكلەرمىش. بۇ 7 ئورۇق ئىنەك 7 سېمىز ئىنەكنى يەپ بولسىمۇ قارنى تويماسمىش. يەنە 7 تۈپ دانلىق بۇغداينى كوردۈم، ھىلىقى ئورۇق ئىنەكلەر بۇ بۇغداينى يېيىشكە قەستلىدى، تېخى يېمىگەن ئىدى، يەنە 7 تۈپ

قۇرۇق ۋە دانسىز بۇغداي ئۇنۇپ چىقىپ، دانلىق بۇغدايغا يامىشىپلا دانلىق بۇغداينى قۇرۇتىۋەتتى. شۇ چاغدا بىر قاتتىق شامال چىقتى - دە، ئۇ 7 ئورۇق ئىنەك ۋە كەم ھوسۇل بۇغداينى ئۇچۇرۇپ يوقاتتى، مەن قورقۇپ ئويغاندىم. ئەمدى سىلەر بۇ چۈشۈمنىڭ تەبىرىنى ئېيتىڭلار.

تەبىرچىلەر بۇ چۈشكە تەبىر ئېيتالماي، 3 كۈنلۈك مۇھلەت سورىدى.

3 كۈندىن كېيىن ئۇلار قورقۇشقان ھالدا دېيىشتىكى:

— بۇ، يامان چۈش ئىكەن، بىز ئۇنىڭ تەبىرىنى بىلمەيمىز.

ئۇ كۈنى كېچىسى يۈسۈپ ئەلەيھىسسالامۇ چۈش كورگەن ئىدى. چۈشىدە: ئاسماندىن چۈشكەن ئاجايىپ بىر خىل نەرسىلەر مىسىر خەلقىنىڭ مال - دۇنياسىنى ئەكىلىپ يۈسۈپ ئەلەيھىسسالامنىڭ قوينىغا تىقارمىش، يۈسۈپ ئەلەيھىسسالام ئۇنى قوينىدىن ئېلىپ ئىگىلىرىگە قايتۇرۇپ بېرەرمىش.

يۈسۈپ ئەلەيھىسسالام ئويغىنىپ، ئوز چۈشىگە ئوزى تەبىر ئېيتتى:

— ئەي يارانلار! ھەممىڭلارغا سۆيۈنچى بولۇنكى، ھەممىڭلار زىنداندىن قۇتۇلىسىزلەر. مىسىر خەلقى قەھەتچىلىك، ئاچلىق سەۋەبىدىن سىلەرگە قۇل بولىدىكەن.

ئۇ كېچىسى زۇلەيخامۇ چۈش كورگەن ئىدى. زۇلەيخانىڭ چۈشىدە: يۈسۈپ ئەلەيھىسسالام بېشىغا تاج كىيىپ، تەخت ئۈستىدە ئولتۇرارمىش، زۇلەيخا ئۇنىڭ ئايىغىغا يىقىلارمىش. يۈسۈپ ئەلەيھىسسالام زۇلەيخانى پۇتى بىلەن ئىتتىرەرمىش.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

زۇلەيخا ھەيرانلىقتا ئۇيغاندى ۋە ئاھ ئۇرۇپ: «ئۇ، ئۇ گۇمىدىمۇ، چۈشۈمدىمۇ مېنى خارلايدۇ، ماڭا پەقەت بويسۇنمايدۇ» دېدى.

شۇنداق قىلىپ تەبىرچىلەر پادىشانىڭ چۈشىنىڭ تەبىرىنى بىلمىدى. پادىشا غەزەپلىنىپ:

— شۇنچە يىلدىن بېرى مېنىڭ نىمىتىمنى يېدىڭلار، ھالا بۇ كۈنلۈكتە چۈشۈمنىڭ تەبىرىنى ئېيتالماي، يامان چۈشكەن دەيسىلەر! — دەپ چوڭ ئەرباپلارنى ئۆلتۈردى. شۇ چاغدا، ساقىنىڭ ئېسىگە كەلدى.

— ئەي پادىشاھىم، سىزنىڭ كورگەن چۈشىڭىزنىڭ تەبىرىنى ئېيتىدىغان كىشى بار، مېنى ئۇنىڭ قېشىغا ئەۋەتىڭ، — دېدى ساقى.

— ئۇ قايەردە؟ — سورىدى رويان شاھ.

— ئۇ، زىنداندا، — دېدى ساقى.

پادىشا ساقىنى ئەۋەتتى. ساقى زىندانغا كېلىپ يۈسۈپ ئەلەيھىسسالامنى پادىشاغا مەلۇم قىلمىغانلىقىغا ئۆزرە ئېيتتى:

— سىزنى پەقەت ئۇنتۇپ كېتىپتىمەن، گۇناھىمدىن ئۆتۈڭ، — دېدى ئۇ ۋە ئاخىرىدا:

— ئەي سىددىق، سىزدىن بىر مۇشكۇل چۈشنىڭ تەبىرىنى سوراپ كەلدىم. پادىشا چۈش كورسە، 7 ئورۇق ئىنەك 7 سېمىز ئىنەكنى يەپتۇ؛ 7 تۇپ قۇرۇق، ئۇرۇق بۇغداي 7 تۇپ سېمىز - دانلىق بۇغداينى چىرماپ - يامىشىپ قۇرۇتىۋېتىپتۇ. بۇلارنىڭ تەبىرىنى ئېيتقايسىز. پادىشا بۇ چۈشتىن بەك غەمكىن بولۇپ، مېنى سىزگە ئەۋەتتى، جاۋابىڭىزغا مۇنتەزىر دۇرمەن، — دېدى.

— 7 سېمىز ئىنەك 7 يىل ھەمۇرچىلىق بولىدىغانلىقى، 7 باش دانلىق بۇغداي ئاشلىقنىڭ ئوبدان ئوخشايدىغانلىقى، 7 ئورۇق ئىنەك 7 يىل قەھەتچىلىك بولىدىغانلىقى، 7 تۇپ ئورۇق بۇغداي ئاسماندىن يامغۇر ياغماي، تېرىقچىلىق ھوسۇل بەرمەي، نۇرغۇن ئادەملەر ھالاك بولۇپ، ئاتا ئوغۇلدىن، ئانا قىزىدىن قاچىدىغانلىقىنى كورسىتىدۇ.

ساقى قايتىپ بېرىپ، پادىشاغا يۇسۇپ ئەلەيھىسسالامنىڭ ئېيتقان تەبىرلىرىنى بايان قىلدى، پادىشا ھەيران قالدى ۋە:

— يەنە بېرىپ، بۇنىڭ تەدبىرلىرىنى سورىغىن، - دەپ بۇيرىدى.

— بۇنىڭ تەدبىرى نىمە؟ - سورىدى ساقى يۇسۇپ ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا بېرىپ.

يۇسۇپ ئەلەيھىسسالام دىدىكى:

— 7 يىلغىچە تېرىلغۇنى كوپ قىلسۇن، ئاشلىق جۇغلىسۇن، بۇ 7 يىلدىن كېيىن يەنە بىر 7 يىل كېلىدۇكى، يامغۇر ياغمايدۇ، گىيا ئۇنمەيدۇ. ئالدىنقى 7 يىلدا جۇغلىغان ئاشلىقنى كېيىنكى 7 يىلدا يىسۇن!

ساقى بېرىپ بۇ سوزلەرنى رويان شاھقا بايان قىلدى. رويان شاھ بۇ سوزنى ئاڭلىغاندىن كېيىن: «ياخشى تەدبىر ئىكەن» دەپ ئويلاپ، ساقىنى بۇيرىدى:

— ئەشۇ تەدبىرنى ئېيتقان يىگىتنى بۇ جايغا ئېلىپ كەلگىن!

ساقى بېرىپ، يۇسۇپ ئەلەيھىسسالامغا رويانىنىڭ سوزىنى يەتكۇزدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

— مېنى ئېزىزى مىسىرى زۇلەيخانىڭ سۆزى بىلەن زىندانغا سالغان ئىدى، — دېدى يۈسۈپ ئەلەيھىسسالام، — 12 يىلدىن بۇيان زىنداندا ياتىمەن. بېرىپ پادىشاغا ئېيتقىن، ئېزىزى مىسىرى بىلەن زۇلەيخانى دەرھال قىلىپ، ھېلىقى خوتۇنلاردىن نېمە ئۈچۈن قولىنى توغرىغانلىقىنى سوراپ باقسۇن!

يۈسۈپ ئەلەيھىسسالامنىڭ بۇنداق دېيىشتىكى مەقسىدى: مېنى زىندانغا تاشلاشتا گۇناھىم بار — يوقلىقىنى پادىشا بىلسۇن، «زىندانغا نېمىشقا چۈشتۈڭ؟» دەپ مەندىن سورىسا، خوتۇنلارنىڭ ھىيلە — مىكىرلىرىنى سۆزلىسەم، بەربىر پادىشاغا ياقمايدۇ، ئۇنىڭدىن كۆرە ئۆزى سوراپ بىلسۇن، بولغان ئىش رويىانىڭ كۆڭلىگە ئايان بولسۇن، دېيىش ئىدى.

ساقى كېلىپ، يۈسۈپ ئەلەيھىسسالامنىڭ سۆزىنى شاھ روياغا يەتكۈزدى.

پادىشا دەرھال زۇلەيخانى ۋە ئۇ خوتۇنلارنى چاقىرتىپ كېلىپ، بىر — بىردىن سوراپ، زۇلەيخا بىلەن يۈسۈپ ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەممە ۋەقەلىرىنى، ئۇ خوتۇنلارنىڭ قىلمىشلىرىنى، يۈسۈپ ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەھۋالى توغرىسىدىكى قىسسەلەرنى ئاڭلاپ، كۆپ ئەپسۇسلاندى. زۇلەيخا باشلىق ھەممەيلەن يۈسۈپ ئەلەيھىسسالامنىڭ پاك ۋە بىگۇناھ ئىكەنلىكىگە ئىقرار قىلدى. شۇ چاغدا زۇلەيخا ساقىدىن:

— يۈسۈپ مېنىڭ ھەققىمدە شىكايەت قىلىپ سۆزلىدىمۇ؟ — دەپ سورىدى.

— سىز توغرىلىق ھېچقاچان يامان دەپ ئېغىزىغا ئالمىدى، — دېدى ساقى.

— ياخشىلىق شۈنچىلىك بولار، ئالىملىق شۈنچىلىك بولار، ئىبادەت شۈنچىلىك بولار، تەقۋادارلىق شۈنچىلىك بولار، - دېدى زۇلەيخا، - ئۇ مېنىڭ تۆھمىتىم بىلەن 12 يىل زىنداندا ياتقان بولسىمۇ، يەنىلا مېنىڭ سىرىمنى پاش قىلماپتۇ.

ئۇ، ئورنىدىن تۇرۇپ پادىشانىڭ ئۇدۇلىغا كەلدى:

— ئەي پادىشاھ، - دېدى زۇلەيخا، - تاھازىرغىچە مېنىڭ ئىشقىم ماجازى ① ئىشق ئىدى، ئەمدى ھەقىقى ئىشق بولدى. ھەر كىمگە راست سوزلەشنىڭ ۋاقتى بولدى. ھەممە گۇنا مەندە، ئاشىق بولغان كىشى مەن، ئۇيگە چاقىرغان، ئارقىسىدىن قوغلاپ كوينىكىنى يىرتقان كىشى مەن. ئۇنىڭغا مەن گۇنا ئارتىپ تۆھمەت چاپلىدىم. مەن گۇناكار، يۇسۇپ راستچىل كىشىدۇر. ئەي پادىشاھى ئالەم، ئەگەر يۇسۇپ ھازىرغىچە زىنداندا تۇرمىغان بولسا، ئۇنىڭ ئىشقىدا ئۇزەمنى ھالاك قىلغان بىرلاتتىم. بۇ يەردە زۇلەيخا پادىشا بىلەن ئېزىزى مىسىرنىڭ ئالدىدا تۇرۇپ، 3 ئېغىز راست گەپ قىلدى: بىرىنچىدىن، ئۇنىڭغا مېنىڭ ئاشىق بولغانلىقىم راست، دېدى؛ ئىككىنچىدىن، گۇنا مەندە، مەن ئۇنىڭغا تۆھمەت قىلدىم، دېدى؛ ئۇچىنچى، يۇسۇپ راستچىل - سادىق كىشى، دېدى. بۇ راست گەپلەرنىڭ شاراپىتىدىن ئۇ، ئۇچ كارامەت تاپتى. يەنى ئۇ كاپىر ئىدى، مۇسۇلمان بولدى، ئىمان تاپتى؛ ياشانغان ئىدى، ياش بولدى؛ئەڭ ئاخىرىدا يەنە يۇسۇپ ئەلەيھىسسالامنىڭ جۇپتى بولدى.

پادىشاھ يۇسۇپ ئەلەيھىسسالامغا خەۋەر بېرىشكە ساقىينى ئەۋەتىپ شۇنداق دېدى:

---

① ماجازى — ھەقىقى ئەمەس، شەكلەن - م.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

— خوتۇنلار ئۆز گۇناھلىرىغا ئىقرار قىلىشتى. يۇسۇپ كەلسۇن! مەن ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا بۇ تۆھمەتخورلارغا ئازاپ قىلغايمەن.

ساقى بېرىپ، پادىشاھنىڭ ئەمرىنى بايان قىلدى.

— مېنىڭ بۇ سۆزلەرنى سوراتقىنىم، — دېدى يۇسۇپ ئەلەيھىسسالام، — ئۇلارنى ئازاپقا قالدۇرۇش ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى، مېنىڭ زۇلەيخاغا خىيانەت قىلمىغانلىقىمنى ئېزىزى مىسرى بىلسۇن، دېگەنلىكىم ئىدى. خىيانەتچىلەرنىڭ جازاسىنى ئاللا ئۆزى بېرىدۇ.

يۇسۇپ ئەلەيھىسسالام ئۆزىنىڭ خىيانەتچى ئەمەسلىكىنى ئىسپاتلاپ ياخشى قىلغان ئىدى. شۇچاغدا جەبرائىل ئەلەيھىسسالام يېتىپ كېلىپ:

— ئەي يۇسۇپ! تېخى زۇلەيخاغا مايىل بولمىدىڭمۇ؟ ئۆز نەپسىڭنى ياخشىلىقتا چىقىرىۋاتامسەنغۇ؟ — دېدى.

— كۆڭلۈم ياخشى، — دېدى يۇسۇپ ئەلەيھىسسالام، — لېكىن، نەپسىمنى ياخشى دېمەيمەن. چۈنكى بۇ نەپسىمنىڭ مېنى يامان ئىشلارغا بۇيرۇشى ۋە ئىككىلا ئالەمدە شەرمەندە — رەسۋا قىلىشى يىراق ئەمەس.

ساقى بېرىپ، يۇسۇپ ئەلەيھىسسالامنىڭ سۆزىنى رويان شاھقا يەتكۈزدى. شاھنىڭ كۆڭلى ئېرىپ، ئىشتىياقى تېخىمۇ زىيادە بولۇپ، مەملىكەتنىڭ ئاكابىر — ئەشرەپلىرىدىن ئۇنىڭغا شاھانە كىيىملەر ئەۋەتتى. «يۇسۇپنى ماڭا چاقىرىپ بېرىڭلار، مەملىكەت ئىشىنى ئۇنىڭغا تاپشۇراي» دەپ خەۋەر بەردى.

بۇ بىشارەتتىن خۇرسەن بولغان يۇسۇپ ئەلەيھىسسالام

زىنداندىن چىقىپ، باشلىرىنى يۇيۇپ، چاچلىرىنى تاراپ، شاھانە كىيىملەر كىيىپ، تاجنى بېشىغا قويدى. ئۇنى كۆرگەن زىنداندىكىلەرنىڭ ھەممىسى يىغلىشىپ:

— ئەي يۇسۇپ، كۆپ يىلدىن بۇيان بىزگە ئاش - تائام بېرىپ، نۇرغۇن ياخشىلىق قىلغان ئىدىڭىز، ئەمدى سىزدىن ئايرىلىپ بۇ زىنداندا قانداق تۇرالايمىز؟ — دەپ نالە قىلىشتى.

يۇسۇپ ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۇلارغا ئىچى ئاغرىدى. ئۇ، ساقىغا دېدى:

— پادىشاھقا بېرىپ ئېيتقىن. كۆپ يىللاردىن بۇيان مەن بۇ زىندان ئەھلى بىلەن ھەمراھ بولۇپ ياتتىم، مەن بۇلار بىلەن ھەمنەپەس بولۇپ كەتكەن. ئەمدى مەن چىقىپ كېتىدىغان بولسام، بۇلارنىڭ كۆزى ياشقا تولۇپ، يۈرەك - باغرى ئېزىلىپ كېتىدۇ. مەرھەمەت قىلسا، سېخىلىق قىلىپ، بۇلارنىڭمۇ گۇناھىنى كەچۈرسۇن، بولمىسا، بىزنى ئايرىۋەتمىسۇن!

ساقى بېرىپ بۇ سۆزلەرنى شاھ رويانغا ئېيتقان ئىدى. ئۇ، ھەممىيلەننى ئازات قىلدى. يۇسۇپ ئەلەيھىسسالام زىنداندىكىلەر بىلەن بىللە زىنداندىن چىقتى. پادىشاھ ئەۋەتكەن مەپە ئۇنى كۈتۈپ تۇرغان ئىدى، شۇ زاماندىكى رەسمى - قائىدە بويىچە پادىشا بىر كىمنى ئىززەت قىلسا، ئۇنى ئالتۇن مەپىگە ئولتۇرغۇزاتتى.

شۇنداق قىلىپ يۇسۇپ ئەلەيھىسسالامغا شاھانە لىباس، تاج كەيدۈرۈپ، ئالتۇن مەپىگە ئولتۇرغۇزۇپ، شاھ ئوردىسىغا ئېلىپ باردى. ئۇنىڭ شۇنداق ئىززەت - ئىكرامىغا ئېرىشكەنلىكىنى

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى www.uyghurkitap.com

كەزگەن مىسىر خەلقى 12 يىل بۇرۇن بۇ يىگىتنىڭ قولىغا زەنجىر، پۇتىغا كىشەن سېلىپ زىندانغا ئېلىپ بارغان ئىدى، بۈگۈن مۇشۇنداق دۆلەتكە ئېرىشىپتۇ» دېيىشىپ كەتتى.
يۈسۈپ ئەلەيھىسسالام رويان شاھنىڭ قېشىغا كىرىپ سالام قىلدى. پادىشاھ يۈسۈپ ئەلەيھىسسالامغا ئۆز يېنىدىن ئورۇن بەردى. پادىشاھ يۈسۈپ ئەلەيھىسسالام بىلەن 72 خىل تىلدا سۆزلىشىپ باقتى. يۈسۈپ ئەلەيھىسسالام ھەممىسىگە تولۇق جاۋاپ بەردى. رويان شاھ ئۇنىڭغا تەھسىن، ئاپىرىن ئوقىدى. ئۇنىڭدىن كېيىن يۈسۈپ ئەلەيھىسسالام ئىبرانى تىلىدا دۇئا قىلدى.

— بۇ قايسى تىل؟ — سورىدى رويان شاھ.

— ئاتا — بوۋىلىرىمىزنىڭ تىلى، — جاۋاپ بەردى يۈسۈپ ئەلەيھىسسالام.

— ئىقلىم يۈزىدە، ئادەم پەرزەنتى ئىچىدە بۇنىڭدىن مۇۋاپىقراق كىشى يوق ئىكەن، — دېدى رويان شاھ.

شۇنداق قىلىپ پادىشاھ چۈشلىرىنىڭ تەبىرىنى سورىدى. يۈسۈپ ئەلەيھىسسالام جاۋاپ بەردى. جاۋاپتىن خۇرسەن بولغان پادىشاھ:

— بۈگۈن سىزنىڭ قەدرى — قىممىتىڭىز بىلىندى، سىزگە ئىشەندىم، ۋەزىرلىكنى سىزگە بېرەي، — دېدى.

— ۋەزىرلىك ئېزىزى مىسىرنىڭ ھەققى، — دېدى يۈسۈپ ئەلەيھىسسالام، — مېنىڭ زىممەمدە ئۇنىڭ ھەققى بەكمۇ كوپ. ئۇ، ھايات تۇرۇپ مەن ۋەزىرلىكنى ئىختىيار قىلمايمەن.

— ئەي يۈسۈپ! سەنىڭغۇ پادىشاھلىققا لايىقسەن، شۇڭىمۇ مەن ساڭا ھەممە بەگلەردىن يۇقۇرى قىلىپ ياخشى ئورۇن بەرسەم دەيمەن، — دېدى پادىشاھ.

يۈسۈپ ئەلەيھىسسالام رەھمەت ئېيتتى ۋە:

— ئەي پادىشاھ، ماڭا يەر غەزنىسىنى تاپشۇرۇڭ، دېخانچىلىق مەھسۇلاتىنى ياخشى يىغايلى، ئەگەر مېنى بۇ ئىشقا خەزىنىچى قىلسىڭىز، ماڭا باشقا مەنسەپ كېرەك ئەمەس، دېخانچىلىقنى ياخشى بىلىمەن، — دېدى.

پادىشاھ خوشال بولۇپ، بۇ ئىشنى يۈسۈپ ئەلەيھىسسالامغا تاپشۇردى ۋە شۇنداق دېدى:

— ئەي يۈسۈپ، مېنىڭ مۈلكۈمنى قانداق باشقۇرساڭ بولۇۋېرىدۇ، لېكىن، ئىككى ئىشتىن ئۆزەڭنى ساقلىغىن: بىرىنچىسى، مېنىڭ پەردە ئىچىدىكى خوتۇنلىرىم ۋە كېنىزەكلىرىم بىلەن سۆزلەشمىگىن.

— بۇ ئىش بىزنىڭ شەرىئىتىمىزدە ھارامدۇر، — دېدى يۈسۈپ ئەلەيھىسسالام.

— ئىككىنچى، مەن بىلەن بىللە تائام يېمىگىن، مەنمۇ سەن بىلەن بىللە تائام يېمەيمەن، — دېدى پادىشاھ.

يۈسۈپ ئەلەيھىسسالام «ئوبدان بولىدۇ» دېدى - يۇ، كۆڭلىدە: «سەن بىلەن ھەرگىزمۇ بىر قاچىدا تائام يېمەيمەن، چۈنكى، سەن شەددات ئۇرۇغدىنسەن، مەن بولسام ياقۇپ ئەلەيھىسسالامنىڭ ئوغلى، ئىسھاق ئەلەيھىسسالامنىڭ نەۋرىسى، ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ چەۋرىسى بولىمەن. سەن بىلەن بىر قاچىدا تائام يېيىش مەن ئۈچۈن نومۇس» دېگەنلەرنى ئويلىدى.

*

رويان شاھ يۈسۈپ ئەلەيھىسسالام ئۈچۈن قەسىر بىنا قىلدۇردى. لېكىن، ئۇ: «يۈسۈپ مېنى ئىمان ئېيتىشقا دەۋەت قىلىپ

قالسا، نېمە دەپ جاۋاپ بەرسەم بولار؟» دەپ ئەنسىرەپ، يۈسۈپ ئەلەيھىسسالامغا: «ئېكىن - تىكىن ئىشىنى سىزگە تاپشۇردۇم، مەملىكەتنىمۇ سىزگە تاپشۇردۇم، مەن قېرىدىم، يېشىم چوڭقۇيۇپ قالدى» دەپ قويدى.

يۈسۈپ ئەلەيھىسسالام 7 يىل تېرىقچىلىق قىلدى، ئاشلىقلارنى بېشى ۋە سامىنى بىلەنلا ئامبارلارغا قاچىلىدى. تاغ باغرىلىرىدا ئامبار ياسىتىپ ئاشلىق ساقلىدى. 7 يىلدىن كېيىن مەمۇرچىلىق ئاخىرلىشىپ، قەھەتچىلىك يىللىرى يېتىپ كەلدى. بىر پاتمان ئارپىنى بىر ئالتۇنغا ئالىدىغان بولدى. قەھەتچىلىك يېتىپ كېلىدىغان كېچىسى يۈسۈپ ئەلەيھىسسالام خىزمەتكارلارغا:

— دەرھال ئارپانىنى يېقىپ، سەھەردە ماڭا تاپشۇرۇڭلار، دەپ بۇيرۇدى. ئۇلار دەرھال تەييارلاشتى. ئەتىسى تاڭ ئاتاردا رويان شاھ: «قوسۇغۇم ناھايىتى بەك ئېچىپ كەتتى» دېگىنىچە ئورنىدىن تۇردى. يۈسۈپ ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا ئارپانىنى ئەكەلدۈرۈپ بەردى.

— مەن ئۆمرۈمدە مۇنداق تاتلىق نان يېمىگەن ئىدىم، — دېدى پادىشاھ ناننى يەپ كورۇپ.

— بۇ ئارپانىنى، يەنى ئات - كالىلارنىڭ تەمىناتى. ئەمما ئۇنىڭ بۇنداق تاتلىق تېتىپ كېتىشى - قەھەتچىلىكنىڭ ئەسىرىدۇر، - دېدى يۈسۈپ ئەلەيھىسسالام.

شۇندىن كېيىن يۈسۈپ ئەلەيھىسسالام خەلققە ئۆلچەم بويىچە ئاشلىق بەردى، كەمبەغەل بىچارىلارغا ئاشلىق سەدىقە قىلدى. پۇلدار بايلارغا پۇلغا سېتىپ بەردى، پۇللارنى پادىشاھ غەز-

نەمگە سالدى. كېيىنكى 7 يىل ئىچىدە غەزنە ئويلىرى پۇلغاتۇلۇپ كەتتى.

*

پادىشاھ يۈسۈپ ئەلەيھىسسالامغا مەنسەپ تاپشۇرىدىغان چاغدا: «5 يىللىق دېخانچىلىق مەھسۇلاتىنى پادىشاھلىققا ئېلىش، ئىككى يىللىق ھوسۇلنى يۈسۈپ ئەلەيھىسسالامغا بېرىش» توغرىسىدا ۋەدە بەرگەن ئىدى. ھوسۇلنى ئېلىش نۆۋىتى يۈسۈپ ئەلەيھىسسالامغا كەلگەندە، يەردىن ئۈن ھەسسە ئارتۇق ھوسۇل چىققاچقا، ھەددى - ھېسابسىز بۇغدايىنى تاغارلىرى بىلەن ئامبارلارغا قاچىلىغان ئىدى. يۈسۈپ ئەلەيھىسسالامنىڭ قول ئاستىدا 40 نەپەر ھاجىب ① بار بولۇپ، بۇ مىسىرنىڭ كاتتىلىرى ھەركۈنى ئۇنىڭ مۇلازىمىتىگە بېرىپ تۇراتتى. بىرىنچى يىلى خەلقلەر ئالتۇن - كۈمۈشلىرىنى بېرىپ ئاشلىق سېتىۋالدى. ئىككىنچى يىلى تۆگە، كالىلىرىنى سېتىپ ئاشلىق سېتىۋالدى. ئۈچىنچى يىلى قۇل، چۆرىلىرىنى سېتىپ ئاشلىق سېتىۋالدى. تۆتىنچى يىلى زېمىن -جايلىرىنى سېتىپ ئاشلىق سېتىۋالدى. بەشىنچى يىلى ئۆي مۈلۈكلىرىنى سېتىپ ئاشلىق سېتىۋالدى. ئالتىنچى يىلى كىشىلەر ئوغۇل -قىزلىرىنى سېتىپ ئاشلىق سېتىۋالدى. يەتتىنچى يىلى بولسا، ئۆزلىرىنى قۇللۇققا سېتىپ ئاشلىق ئېلىشتى. ئاخىرقى 4 ئاي ۋاقىت قالغاندا پۈتۈن ئامبارلارنىڭ ئاشلىقى مۇتلەق تۈگىدى.

ئاخىرى شۇنداق بولدىكى، مىسىر مەملىكىتىنىڭ بارلىق باي، كەمبەغەل، چوڭ - كىچىك، ئەر - ئايال، ھۆر ۋە قۇل-

① ھاجىب - خاس، يېقىن كىشىلەرى - م.

لىرىنىڭ ئىچىدە يۈسۈپ ئەلەيھىسسالامغا سېتىلمىغان كىشى قالمىدى. لېكىن، ئامبارلارمۇ پاك - پاكىز قۇرۇغدۇلۇپ قالغان ئىدى.

شۇچاغدا جەبرائىل ئەلەيھىسسالام كېلىپ:

— ئەي يۈسۈپ، ئەمدى سەھراغا چىقىپ، خەلقلەرگە ئاشلىق بېرىمەن دەپ يۈزۈڭنى كۆرسەتكىن، - دېدى.

يۈسۈپ ئەلەيھىسسالام شەھەر تېشىغا چىقىپ، تەخت قويۇپ ئولتۇردى ۋە «ئاشلىق بېرىمەن» دەپ خەلقنى يىغدۇردى. پۈتۈن خەلق يىغىلىشىپ، يالۋۇرۇپ كېلىشتى. يۈسۈپ ئەلەيھىسسالام خەلقنى جەم قىلىپ، يۈزىدىن نىقابىنى كۆتەردى. خۇدانىڭ قۇدرىتى بىلەن خەلق يۈسۈپ ئەلەيھىسسالامنىڭ جامالىغا ھەيران بولۇپ، 10-15 كۈن بىھوش بولۇپ يېتىپ كېتىشتى. ھوشىغا كەلگەندە يۈسۈپ ئەلەيھىسسالام يەنە شۇنداق قىلدى. شۇيوسۇندا 4 ئاي تامام بولدى. 7 يىللىق قەھەتچىلىكنىڭ ۋاقتىمۇ تولدى.

بىر راۋايەتتە، ئۇچاغدا يۈسۈپ ئەلەيھىسسالام تېخى پادىشاھ ئەمەس ئىدى، رويان بىلەن شېرىك ئىدى، دېيىلىپتۇ. يەنە بىر راۋايەتتە، ئۇۋاقىتتا يۈسۈپ ئەلەيھىسسالام رويانغا ۋەزىر ئىدى. رويان ئۇنىڭغا:

— ئەمدى، پۈتۈن مىسىر سىزنىڭ مۈلكىڭىز بولدى، بارلىق مىسىر خەلقى سىزنىڭ قۇلىڭىز بولدى، پادىشالىق سىزگە يارىشىدۇ، - دەپ، يۈسۈپ ئەلەيھىسسالامنى قۇللۇق ئورنىدىن پادىشالىق سەلتەنىتىگە كۆتەردى. يۈسۈپ ئەلەيھىسسالاممۇ قوبۇل قىلدى.

*

هكايەتتە شۇنداق كەلتۈرۈلۈپتۇكى، قەھەتچىلىك بالا-
سى يۈز بەرگەن ۋاقىتتا، يۇسۇپ ئەلەيھىسسالام زۇلەيخانىڭ قىل-
غان يامانلىقلىرىنى ئالىلىقاچان كۆڭلىدىن چىقىرىۋەتكەن ئىدى.
زۇلەيخا قەھەتچىلىكتە زەرۇ - زىۋەر، قول ۋە كېنىزەكلىرىنى بې-
رىپ ئاشلىق ئېلىپ يېگەن ئىدى. كېيىن ئۆزىنىمۇ قۇللۇققا ئىخ-
تىيار قىلغان ئىدى. بۇ ئىشتىن يۇسۇپ ئەلەيھىسسالام بىخەۋەر ئى-
دى. بىر كۈنى زۇلەيخا يۇسۇپ ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا كىرىپ
سالام قىلدى. يۇسۇپ ئەلەيھىسسالام ئېلىك ئالدى.

— خۇداغا ھەمدۇ سانالار بولسۇنكى، — دەپ يىغلىدى
زۇلەيخا، — ئۇ، ئېزىزلارنى خار، خارلارنى ئېزىز قىلىدۇ. پادى-
شاھلارنى قۇل، قۇللارنى پادىشاھ قىلىدۇ. ئۇ خۇداغا ھەمدۇ سا-
نالار بولسۇنكى، پادىشاھلىق تاجىنى سېنىڭ بېشىڭغا كەيگۈزۈپ،
مېنى ساڭا كېنىزەك قىلىپ بەردى.

— سەن كىمسەن، نېمىشقا كەلدىڭ؟ — دەپ سورىدى يۇ-
سۇپ ئەلەيھىسسالام.

— مەن زۇلەيخا، سېنىڭ قېشىڭغا كەلدىم. خۇدايىڭنىڭ
ھەققى — ھۆرمىتىدىن مېنى ئازات قىلىپ، قۇللۇق نومۇسىنى
مەندىن كۆتىرىۋەتكىن، — دېدى زۇلەيخا. يۇسۇپ ئەلەيھىسسالام:

— سېنىڭ بۇنداق ھالغا چۈشۈپ قالغانلىقىڭدىن مېنىڭ
خەۋىرىم يوق ئىكەن، مەن سېنى ئازات قىلدىم، — دېدى ۋە ئۇ-
نىڭغا بىر مۇنچە ئۆزرە ئېيتىپ، نۇرغۇن ئاشلىق، پۇل - مال
بەردى ۋە:

— بۇكىشى ھەر قاچان ئادەم ئەۋەتسە لازىملىق نەرسى-
لەردىن ئالدۇرۇپ بېرىڭلار، — دەپ بۇيرىدى.

زۇلەيخا ئۆيگە قايتتى. ئۇ، يەنە يۈسۈپ ئەلەيھىسسالامنى كۆرۈشنى ئارزۇ قىلىپ يىغلاشقا باشلىدى ۋە «مۇبادا يولدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقاندا بىرەر ئېغىز سۆز قىلسا ئاڭلاپ كۆڭلۈم سەل پەل ئارام تاپار» دەپ ئويلاپ، يۈسۈپ ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۆتەر يولىغا بىر ئۆي ياساتتى، ئولتۇردى. يۈسۈپ ئەلەيھىسسالام يۇرت ئىشلىرىنىڭ كۆپلىكى تۈپەيلىدىن زۇلەيخانى ئۇنتۇپ قالدى. زۇلەيخانىڭ بىرلا يىغلاۋېرىپ كۆزى ئاقىرىپ كىرمەس بولۇپ قالدى. بۇچاغدا ھىجران ئازاۋىدا زۇلەيخانىڭ گۈلدەك چىرايى زەپىرەڭدەك ساغىرىپ، ئىلىپتەك قەددى يادەك ئېگىلىپ، چولپاندەك كۆزلىرى، پاختىدەك ئاقىرىپ، ئاش - سۇدىن قېلىپ، بەكمۇ ھالسىزلىنىپ كەتكەن ئىدى. ئۇقولىغا بىر ھاسا ئېلىپ، بىرسىگە يۆلىنىپ، دائىم يۈسۈپ ئەلەيھىسسالامنىڭ بارگاھىغا باراتتى. ئەمما پاساۋۇللار كىرگۈزمەيتتى ۋە كىرىپ خەۋەر قىلىپمۇ قويمايتتى. ئۇ، ھەمىشە:

بېيىت: ئىشىكىگە بارغانتىم، تاپما قىلىپ ۋەسلىنى،
قايتىپ كەلدىم كېرەلمەي، قالدىم يەنە نائۈمىت.

دەپ يىغلايتتى.

يۈسۈپ ئەلەيھىسسالام ھەر ئايدا بىرەر قېتىم چىقىپ، پۈتۈن شەھەرنى ئايلىنىپ، ئەرزى بارلار بولسا ئەرزىنى سوراشنى ئادەت قىلغان ئىدى. بۇنداق چاغلاردا ئۇ خەلققە ئەمرى-مەرۇپ قىلاتتى. يۈسۈپ ئەلەيھىسسالامنىڭ تۇماچ ئىسىملىك بىر ئېتى بار بولۇپ، ھەر قېتىمدا ئاتلانماقچى بولسا، ئىگەر توقۇلۇشى بىلەنلا بىر قېتىم كىشنەيتتى. بۇنى ئاڭلىغان خەلق يىغىلىپ تۇرۇشاتتى. بۇ ئىشنى بىلگەن زۇلەيخامۇ: «پادىشاھ

يۈسۈپ ئاتلىنىپتۇ» دەپ بىلىپ، يولنى توسۇپ ئولتۇراتتى. بۇ چاغدا ياساۋۇللار ئۇنى قوغلاپ يىراقلاشتۇراتتى.

نەزم:

پېقىر دىلخەستىگە نەھەد، ئۈممەت ئەتمەك ۋىسالىڭنى،
ماڭا بەستۇر كوڭۇل ئىچرە، نەقىش قىلسام خىيالىڭنى.

لېكىن، زۇلەيخا شۇنچىلىك بىر ئىشتىمۇ «پادىشاھ يۈسۈپ ئۆتكەن يولنىڭ توپا - چاڭلىرى يۈزۈمگە ئۇرنىدى» دەپ خۇشال بولاتتى. ئۇ، شۇنچە مېھنەت - مۇشەققەتلەرنى تارتقىنى بىلەن يەنىلا بۇتپەرەس ئىدى. ئۇ، بىر كۈنى يول توسۇپ ئولتۇردى ۋە نائۈممىت بولۇپ ياندى. ئۇ، ئۆيىگە قايتقاندىن كېيىن، بۇتنى ئالدىغا قويۇپ:

— ئەي مەئبۇدۇم! مەن شۇنچە يىلدىن بۇيان ساڭا چوقۇنۇۋاتقان بولسامۇ ھاياتىمنىڭ لەززىتى ۋە ئومۇرنىڭ ھالاۋىتىنى كورمىدىم. ئېرىمنىڭ تەختۇ - تاجىنى ساڭا پىدا قىلغان بولسامۇ، بىرەر ياخشىلىقىڭنى كورمىدىم. بۇگۈن سەندىن يۈسۈپنىڭ جامالىنى بىر كورۇش ئۈچۈن كوزۈمنى روشەن قىلىشىڭنى تىلەيمەن، - دەپ بۇتنى كوزىگە سۈرتۈپ قانچە يالۋۇرسىمۇ، بۇتنىڭ ئۈنى چىقمىدى. زۇلەيخانىڭ ئاچچىغى كېلىپ، بۇتنى تاش بىلەن ئۇرۇپ يەنچىپ تاشلىدى ۋە:

— ئىست! شۇنچە ئومرۈمنى مۇشۇنىڭ ئىبادىتى بىلەن زايا قىلدۋېتىپتىمەن، مەن بۇ بۇتتىن نىمە پايدا كوردۇم، قېنى؟ - دەپ، يۈسۈپ ئەلەيھىسسالامنىڭ قائىدىسى بويىچە تاھارەت ئېلىپ، بىلىپ - بىلمەي ئىككى رەكئەت شۈكرانە نامىزىنى تەقلىت قىلىپ

ئوقىدى ۋە يۈزىنى ئاسمانغا قارىتىپ تۇرۇپ، مۇناجات قىلدى:

— ئەي ئاللاھا خۇداۋەندا، تا ھازىرغىچە سېنى بىلمەيتتىم، ئەمدى بىلدىم. ساڭا ئىمان كەلتۈردۈم. سېنى بىلمەسلىكتىن بۇتقا باش ئۇرغان ئىكەنمەن. ئەمدى ساڭا قايتتىم. مېنىڭ تىلىگىنىمنى بەرگىن، يۈسۈپنىڭ كۆڭلىنى ماڭا مېھرىۋان قىلغىن، يۈسۈپنى ماڭا ئېزىز قىلغاندەك، مېنىمۇ يۈسۈپكە ئېزىز قىلغىن.

ئەتىسى يۈسۈپ ئەلەيھىسسالام بارلىق لەشكەرلىرى بىلەن ئوۋغا ئاتلاندى. زۇلەيخا يولغا كېلىپ توسۇپ ئولتۇردى. يۈسۈپ ئەلەيھىسسالام ئوۋدىن يانغاندا، لەشكەرلىرىمۇ گۇرۇھ - گۇرۇھ بولۇپ كېلىۋاتاتتى. ھەر بىر قىسىم لەشكەر ئۆتكەندە، زۇلەيخانى يېتىلەپ كەلگەن كىشى «مانا يۈسۈپ ئەلەيھىسسالام ئەمدى كېلىدۇ» دەيتتى، ئەمما زۇلەيخا «يۈسۈپ تېخى يىراقتا» دەيتتى. چۈنكى زۇلەيخاغا يۈسۈپ ئەلەيھىسسالامنىڭ ھىدى مەلۇم ئىدى. ئاخىرى يۈسۈپ ئەلەيھىسسالام يېقىنلاشتى. ئۇنى سەزگەن زۇلەيخا:

— ئاھ يۈسۈپ! مېنىڭ قېشىمغا بىر كېلىپ ھالىمنى سوراپ، سۆزۈمگە قۇلاق سالساڭ نېمە بولغاي؟ - دەپ پەريات قىلدى. شۇنچە غەلۋە - غەۋغا بولۇۋاتقان بولسىمۇ، ئاللاتائالا زۇلەيخانىڭ ئۈنىنى يۈسۈپ ئەلەيھىسسالامنىڭ قۇلىقىغا يەتكۈزدى. يۈسۈپ ئەلەيھىسسالام كېلىپ قارىسا، بىچارە زۇلەيخا تۇرۇپتۇ؛ ئۈستىگە قارا چەكمەن كىيىم كىيىپتۇ؛ خورما يوپۇرمىقىدا بېلىنى باغلاپتۇ؛ قولىغا ھاسا تۇتۇپتۇ، يۈسۈپ ئەلەيھىسسالام

ئېتمنى زۇلەيخا تەرەپكە تارتتى.

— ئەي يۇسۇپ، — دېدى زۇلەيخا، — ھەزرىتى ھەق سۇبھانىۋەتائالا پۈتۈن ئالەمگە رىزق بەرگۈچىدۇر. ئۇنىڭ ھەقىقى - ھۆرمىتىدىن مېنىڭ زەئىپ بىچارىلىقىمغا بىر قاراپ قويغىن. ئەي يۇسۇپ! مەن سېنىڭ پىراق ئوتۇڭدا مۇشۇ ھالغا قالغىلى قىرىق يىل بوپتۇ، مېنىڭ ھالىمغا رەھىم قىلساڭ نىمە بولىدۇ؟ ماڭا ئىسسىيارىمىكىن، دەپ خامان - خامان ئالتۇن - كۈمۈشلىرىمنى، ئېتەك - ئېتەك جاۋاھىرلىرىمنى بېرىپ ئالغان ئىدىم، سەن بۇ مەرتىۋىگە يەتتىڭ، مەن بۇ ھالدا خار ۋە زەئىپ بولۇپ قالدىم. ئەي يۇسۇپ! مەن ئىمان ئېيتىپ مۇسۇلمان بولدۇم. كۆۋالىق بېرىمەنكى، بىر ئالالادىن بولەك ئىلاھ يوقتۇر. مەن ئۇنىڭغا قايىل بولدۇمكى، ئۇ، پۈتۈن بەندىلەرگە رىزق بەرگۈچىدۇر، ھېچ شېرىكى يوقتۇر، تىلىدىم ئالالاتائالادىن، تاپتىم مۇرادىمنى، ھەر نەرسىنى خالىسا بەرگۈچى، خالىسا ئالغۇچى ئالالاتائالا ئۆزىدۇر.

يۇسۇپ ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭ ئىسلامغا كىرگىنىگە خوشال بولۇپ تەبەسسۇم قىلدى. ئالالاتائالا ئۇنىڭ مېھرىنى يۇسۇپ ئەلەيھىسسالامنىڭ كۆڭلىگە سالدى. جەبرائىل ئەلەيھىسسالام كېلىپ:

— ئەي يۇسۇپ، زۇلەيخاغا ئىلتىپات قىلغىن، ھەر نىمە دېسە ئۇنى قوبۇل قىلغىن، ئۇ ھەقسۇبھانىۋەتائالانىڭ دەرگاھىغا ئاشىنا بولدى، — دېدى.

— ئەي زۇلەيخا، قانداق سوزۇڭ بولسا ئېيتقىن، — دېدى يۇسۇپ ئەلەيھىسسالام.

ئۇيغۇر كىتاب تورخانىسى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

زۇلەيخا ئۆتكەن ۋەقەلەر ئەھۋالىدىن شىكايەت قىلدى.

— سەن بۇ خۇسۇمەتلىك تەنە سوزلەرنى بىھۇدە سوزلەۋاتىسەن، — دېدى يۇسۇپ ئەلەيھىسسالام.

زۇلەيخا چىن كوڭلىدىن بىر دەرتلىك ئاھ تارتتى.

— ئەي يۇسۇپ، نىچۇك تەنە - خۇسۇمەت قىلماي؟ — دېدى زۇلەيخا، — پىراق ئوتى ۋە ئىشتىياق دەردىدىن ھەم بۇ ئىككى يۈزلىمە ئالەم ۋە تەتۇر ئايلانغۇچى پەلەكنىڭ بىۋاپالىقىدىن شىكايەت قىلماي ئەمەسمۇ؟ ئەي يۇسۇپ، مېنىڭ كوڭلۇمدىكى سېنىڭ ئىشق - مۇھەببىتىڭنىڭ ئوتى ئەگەر تاغقا چۈشسە تاغمۇ ئېرىپ سۇ بولۇپ كەتكەن بولاتتى. ئەي يۇسۇپ، قولۇڭنى ئاغزىمغا تۇتۇپ باقساڭ، يۈرەك باغرىمدىكى كويگەن ئوتنى بىلگەن بولاتتىڭ.

لېكىن، يۇسۇپ ئەلەيھىسسالام ئۇچۇن زۇلەيخا نامەھرەم بولغانلىقتىن، قولىنى تەككۈزمىدى.

— ئەي يۇسۇپ، سېنى ياراتقان تەڭرىنىڭ ھەققى - ھورمىتىدىن قامچاڭنى ماڭا سۇنغىن، — دېدى زۇلەيخا.

يۇسۇپ ئەلەيھىسسالامنىڭ دەستىسى لەئلى ياقۇتتىن ياسالغان، باشقا جايلىرى ئالتۇن بىلەن زىننەتلەنگەن بىر قامچىسى بار ئىدى، شۇنى ئۇزاتتى. زۇلەيخا قامچىنىڭ ئۇچىنى تۇتۇپ تۇرۇپ جان - دىلى بىلەن بىر ئاھ تارتقان ئىدى، ئاغزىدىن بىر پارچە ئوت يالقۇنى چىقىپ قامچىغا تۇتاشتى. ئوت يۇسۇپ ئەلەيھىسسالامنىڭ قولىغا تۇتۇشۇپ بولغىچە قامچىنى سىلكىپ تاشلىۋەتتى. ئەمما، ئۇ ئوتنىڭ ھارارىتى يۇسۇپ ئەلەيھىسسالامنىڭ قول ئۇچىغا تېگىپ قالدى. شۇنچىلىك بىر ئىش بىلەن ئۇ ئىشق

ئۇنى زۇلەيخادىن پەسىيىپ، يۇسۇپ ئەلەيھىسسالامنىڭ جان ۋە تېنىدە شۇئىلا ئۇرۇشقا باشلىدى. زۇلەيخا نى بىر كىشىگە تاپشۇلاپ، ئۇزى بارىگاھقا بېرىپ چۈشتى. زۇلەيخا:

— ئەي يۇسۇپ،

سورار بولساڭ مېنىڭ ھالىم، كۆڭۈل دەردىمنى بىلگەيسەن،
بۇ ئىشق ئۇتى ساڭا كەتتى، مېنىڭ ھالىمنى بىلگەيسەن.

مەندىكى ئوت ئەمدى سەندە كويسە، مېنىڭ ھال - ئەھۋالىمنى بىلەرسەن، — دەپ ئۆيىگە قايتتى. شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ كۆڭلى ئارام تاپتى، ئىلگىرىكى پىراق ۋە ئىشتىياق ئوتىنىڭ مىڭدىن بىرسىمۇ قالمىدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ خاتىرجەم بولۇپ قالدى. ئەمما، ئۇ چاغدا يۇسۇپ ئەلەيھىسسالام بىقارار ۋە بىئارام بولۇپ قالغان ئىدى. شۇڭا، زۇلەيخانى قېشىغا چاقىرىپ كېلىپ، ئۆز ئەھۋالىنى ئەرز قىلدى.

ئۇ، زۇلەيخاغا:

جېنىم ئىچرە قويدۇڭ داغ، ئەي گۈزەل قەددى زىبا،
نىسىپ بولماي ۋىسالىڭ، قالدىمەن زۇلمەت ئارا.
مېنى ئورتىدى پىراق، قالمىدى سەۋرۇ - تاقەت،
سوزۇم يالغان بولسا گەر، بولغۇسى تەڭرىم گۇۋا.

دېگەن بولسىمۇ زۇلەيخا ھەرگىز پەرۋا قىلمىدى. يۇسۇپ ئەلەيھىسسالامنى پىراق دەردى ۋە ئىشتىياق ئوتى قىرىق كېچە - كۈندۈز زار ۋە زەبۇن قىلدى. زۇلەيخانىڭ 40 يىل

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

تارتقان مېھنەت - مۇشەققىتىنى يۇسۇپ ئەلەيھىسسالام 40 كۈن تارتتى. ئۇ، زۇلەيخاغا قانچە مۇلايىملىق قىلسىمۇ، زۇلەيخا قوپاللىق بىلەن:

— ئەي يۇسۇپ، ئەشۇ ئوت مەندە ئىدى، مەن ئۇنى 40 يىل تارتتىم، سەن ئۇنى تېخى ئەمدى بىلىپسەن، - دېدى.

يۇسۇپ ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇبارەك چىھرىسى زەپىرەڭدەك سارغايدى، ئىلىپتەك قەددى يادەك ئېگىلدى. ئۇ، تولا نالە - زار قىلىپ، ئاش-تائامدىن قالدى. ئۇنىڭ نالە - زاردىن باشقا ئىشى يوق ئىدى، ھەمىشە پەريات - پىغان چېكەتتى. ئۇنىڭ تائەت-ئىبادەت ۋە ئەدلى - ئادالىتى كوككە پەرۋاز قىلدى.

— ئەي يۇسۇپ، - دېدى زۇلەيخا، - مېنىڭ بىرنەچچە تەلىۋىم بار، ئۇنى تىلەي، سېنىڭ دۇئايىڭ بىلەن مېنىڭ تەلىۋىم ئىجاۋەت بولسۇن، ئۇندىن كېيىن مەن ساڭا ئىلتىماپات قىلاي.

يۇسۇپ ئەلەيھىسسالام تاھارەت ئېلىپ، ئىككى رەكئەت شۈكرانە نامىزى ئوقۇپ، قول كوتۇرۇپ تەڭرىگە مۇناجات قىلدى. زۇلەيخا:

— ئىلاھا خۇدا ۋەندا، مەن بۇتتىن ياندىم، يۇسۇپ سىددىقۇللانىڭ قىلغان دۇئاسىنىڭ ھەققى - ھورمىتىدىن ماڭا 14 ياش ۋاقتىمدىكىدەك چىراي ۋە ھوسنى - جامال بەرگىن، قېرىلىقتىن ياشلىقىمغا ياندۇرغىن، كوزۇمنى كورىدىغان قىلغىن، مېنى يۇسۇپنىڭ نىكاھىغا كىرگۈزگىن، - دېدى.

بۇ تىلەكلەر دۇئا ئىجاۋەت بولىدىغان مەھەلدە تىلەنگەن ئىدى، ھەممىسى قوبۇل بولدى: قېرىلىقى ياشلىققا ئالماشتى،

64 ياش ئىدى، 14 ياشقا كەلدى. چىرايى سەتلىشىپ كەتكەن ئىدى، ئىلگىرىكىدىن يۈز ھەسسە چىرايلىق بولدى. كورمەس كوز-لىرى ئېچىلدى. بۇنى كورۇپ يۇسۇپ ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىشتىياق ئوتىنىڭ بىرسى مىڭ بولۇپ كەتتى. شۇڭا يۈزلەپ نالە - زار بىلەن بىتاقەتلىك قىلاتتى. بۇ ھالنى كورگەن زۇلەيخانىڭ خۇ-شاللىقىدىن بىر غۇنچىسى ئون گۈل بولۇپ ئېچىلدى.

بۇ ھالغا 35 كۈن بولغاندا، جەبرائىل ئەلەيھىسسالام نۇردىن يارالغان تاۋاقلاردا جاۋاھىرلار كەلتۈردى ۋە:

— ئەي يۇسۇپ، تولا بى سەۋرلىك قىلمىغىن، يەنە 5 كۈن تاقەت قىلغىن، پەرىشتىلەر زۇلەيخا بىلەن سېنى ئەرشى ئەلادا نىكا قىلىپ بولدى، يەنە 5 كۈندىن كېيىن زېمىن ئۈستىدىمۇ نىكاھ قىلىدۇ. شۇندا مۇرادىڭ ھاسىل بولغۇسى. مانا بۇلار ئەرشى ئەلادا نىسار قىلىنغان جاۋاھىراتلاردۇر. سىلەرنىڭ نىكا-ھىڭلار بولغان كۈنى بېشىڭلاردىن چاچىمىز، - دىدى.

زۇلەيخانىڭ تىلىكى ئىجاۋەت بولۇپ، 14 ياشلىق ساھىپ جامال قىز ھالىغا قايتىپ، ھەقىقى كامالىغا يەتكەن غۇنچىدەك بىر پەرىگە ئايلانغان ئىدىكى، ھەركىم ئۇنى بىر كورسە، جان-دىلى بىلەن ئاشىقى بىقارار بولاتتى. زۇلەيخا ئوزىنىڭ بۇ ھوس-نى - لەتاپىتىنى كورۇپ، ھەق سۇبھانى ۋە تائالاغا ھەمدۇسانا يۈزىسىدىن سەجدە بىجا كەلتۈردى ۋە «كاشكى بالدۇرراق ئىمان ئېيتىپ موسۇلمان بولغان بولسامچۇ، خۇدايىتائالانىڭ بۇنداق لۇتپى - مەرھەمەتلىرىنى كورەر ئىكەنمەن» دەپ قاند-چە ھەسرەت، نادامەتلەر قىلدى ۋە «لائىلاھە ئىللەللا، يۇسۇپ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

سىددىقۇللا» دەپ ھەق سۇبھانى ۋە تائالاغا جان ـ دىلى بىلەن ئىمان كەلتۈردى.

قىرىق كۈن توشقاندىن كېيىن، شەھەر پاك ـ پاكىز قىلىنىپ، مەھەللە ـ مەھەللە، كوچا ـ كوچا ۋە ھەممە بازار، گۈزەرلەر ياسالدى ۋە جابدۇلدى. خەلقمۇ ئۆي ـ ئۆيلەردە ئەيشى ـ ئىشرەت قىلىشقا باشلىدى. شاھ رويانمۇ ئوردىغا چىللاپ كېلىندى. تويغا 200 مىڭ قوي، ئەللىك مىڭ توگە، يۈز مىڭ كالا ئۆلتۈرۈلدى. سەرۈپا كەيمىگەن ئادەم، ئاشقا تويمىغان گاداي قالمىدى. ھېلىقى جاۋاھىراتلار يۈسۈپ ئەلەيھىسسالام بىلەن زۇلەيخانىڭ بېشىدىن چېچىلدى. مىسىر خەلقىنىڭ بارلىق كەمبەغەل ـ نامراتلىرى باي بولۇپ قېلىشتى.

شۇنداق قىلىپ يۈسۈپ ئەلەيھىسسالام زۇلەيخانى نىكاھىغا ئالدى، ئۇلار بىر ئورۇندا يېتىشتى.

— ئەي زۇلەيخا، قانداق ئىش بۇ؟ ئەجەپ سەن قىز تۇرۇپسەنغۇ؟ ـ دەپ سورىدى يۈسۈپ ئەلەيھىسسالام.

— ئېزىزى مىسىرى بىلەن بىر ئورۇندا بولساق، ئىككىمىزنىڭ ئوتتۇرىسىدا بىر سۈرەت پەيدا بولاتتى، ئېزىزى مىسىرى شۇنىڭ بىلەن ئۇخلايتتى. مەن ئۆز ھالىم بويىچە قېلىۋېرەتتىم، ـ دىدى زۇلەيخا ۋە ئۆزىنىڭ مەغرىپ زىمىنىدا كورگەن چۈشىنى بايان قىلدى. يۈسۈپ ئەلەيھىسسالام تەئەججۈپلىنىپ قالدى.

شۇندىن تارتىپ، بۇ ئىككىسىنىڭ ئارىسىغا شۇنداق مېھرى ـ مۇھەببەت چۈشتىكى، بىر پەس ۋە بىر دەم بىر ـ بىرىنى كورمىسە چىدىشالمايتتى. ئەمما يۈسۈپ ئەلەيھىسسالام قاچانكى زۇلەيخاغا مەيىل قىلىپ كەلسە، زۇلەيخانىڭ ئىبادەتكە مەشغۇل

بولۇپ تۇرغانلىغىنى كورەتتى. شۇڭا ئۇ، ئىبادەتنى تۇگەتكەندىن كېيىن چاقىرىۋالاتتى. بۇنداق چاغلاردا زۇلەيخا دەيتتى:

— ئىلگىرى خۇدايىتائالانى ئاڭلىمىغان ـ بىلمىگەنلىگىمدىن كوڭلۇمدە سىزنىڭ مۇھەببىتىڭىزدىن بولەك نەرسە يوق ئىدى. ئەمدى خۇدانىڭ مۇھەببىتىدىن غەيرى نەرسە كوڭلۇمدە يوق.

— زۇلەيخا، ئىلگىرى سەن مەن بىلەن ئەيشى ـ ئىشرەت قىلىش مەقسىدىدە بىر ئىمارەت ياسىتىپ، ئۇنىڭغا «بەيتىل ئەكرەم» دەپ ئىسىم قويغان ئىدىڭ، ئەمدى مەن سەن ئۇچۇن بىر ئىمارەت بىنا قىلىپ ئىسمىنى «بەيتىل ئىباد» دەپ ئاتايكى، يەر يۈزىدە ئۇنىڭدىن ياخشىراق ۋە خوپراق ئۆي بولمىغان بولسۇن، — دىدى يۇسۇپ ئەلەيھىسسالام ۋە ئىمارەت قۇرۇشقا بۇيرىدى، ئىمارەت تەييار بولدى. بۇ، شۇنداق ئالى ئىمارەت بولدىكى، قەندىللىرى زەنجىر بىلەن ئېسىغلىق، تەختلەر قۇرۇغلۇق ئىدى.

— ئەي زۇلەيخا! — دىدى يۇسۇپ ئەلەيھىسسالام، — سەن «بەيتىل ئەكرەم» نى ماڭا كاساپەتخانا قىلدۇرغان ئىدىڭ، مەن بۇ «بەيتىل ئىباد» نى ساڭا ئىبادەتخانا قىلدۇردۇم.

بۇ ئىمارەت ئىچىدە ئىككى ئاشىق ـ مەشۇق بىر ـ بىرسىنىڭ ھوسنى ۋە كامالەتكە يەتكەن جامالىلىرىغا قارىشىپ، گاھى ئەيشى ـ ئىشرەت قىلىشىپ كۇلۇشەتتى، گاھى تارتقان رىيازەتلىرىگە يىغلىشاتتى. بۇ شادىمانلىق بىلەن بىر نەچچە يىل ئوتتى. زۇلەيخا ئىككى ئوغۇل، بىر قىز تۇغدى. ئوغۇللارنىڭ بىرىنىڭ ئىسمىنى ئىبراھىم، بىرىنىڭ ئىسمىنى مەنسان قويدى. قىزغا ۋەسىمە دەپ ئات قويدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

*

7 يىللىق قەھەتچىلىك ۋاقىتلىرىدا خەلق ئىرزىنىڭ مال-مۈلۈك، يەر - سۇ، بالىچاقىلىرى بىلەن ئاشلىققا سېتىلىپ كەتكەن ئىدى. بىر كۈنى بارلىق دۆلەت ئەركانلىرى، مەملىكەت ئەئيانلىرى ۋە مىسىر ئەھلى جەم بولۇپ كېلىپ:

— ئەي پادىشاھى يۈسۈپ سىددىقۇللا، بىزنى قەھەتچىلىك بالاسىدىن خالاس قىلىپ ئالدىڭىز، ئەمدى بىز سىزنىڭ قۇلىڭىزمىز، كۆڭلىمىزدە ئازاتلىقتىن بولەك ئارزۇيىمىز يوقتۇر، — دېيىشتى.

— بىر مەھەل سەۋرى قىلىڭلار، — دېدى يۈسۈپ ئەلەيھىسسالام، — ھەممەڭلەرنى ئازات قىلىمەن. مال - مۈلكىڭلارنى سەرپ قىلغىنىم يوق، ھەممىسىنى قولۇڭلارغا بېرىمەن.

ھەممە خەلق خوشال -خورام بولۇشۇپ، شۈكرى قىلىشىپ، يۈسۈپ ئەلەيھىسسالامغا دۇئا قىلىپ يۈرۈشتى.

*

شۇنداق كەلتۈرۈلۈپتۇكى، ھەزرىتى يۈسۈپ ئەلەيھىسسالام پادىشالىق تەختىگە چىقىپ ئولتۇرغاندىن كېيىن، مېھمانخانىلارنى ياساتقۇزۇپ، كەلگەن مېھمانلارنى ئەشۇ مېھمانخانىلارغا چۈشۈرۈپ، خىزمەت قىلىشقا مەخسۇس كىشىلەرنى قويغان ئىدى. ھەرقانداق يەر ۋە قايسىبىر شەھەردىن ئاشلىق ئالغىلى كىشى كەلسە، بىر كىشىگە بىر تۆگىدىن ئارتۇق ئاشلىق بەرمەيتتى. ھەر بىر مېھمانغا بولەك ئامباردىن ئاشلىق بېرەتتى. ھەركىمگە ئاشلىق بەرسە، ئامبار ھەرگىز يېرىم چۈشمەيتتى. يەنە شەھەرگە كىرىدىغان ھەر بىر يولغىمۇ مەخسۇس ئادەم قويغان ئى-

دى. بۇ كىشىلەر چەت شەھەرلەردىن كەلگەن كىشىلەرنىڭ ئەمى زاتى بىلەن خەت يېزىپ ئەۋەتەتتى. بىر كۈنى 40 ھەمرايى بار، خۇشخۇي ۋە سەۋلەتلىك بىر كىشى كەلگەن ئىدى. يول توسقۇچىلار بۇ بوۋاينىڭ نام - نەسەبىنى سورىدى. ئۇ: «مەن ئىبراھىم خېلىلۇللانىڭ ئەۋرىسى بولىمەن» دېدى. يولغا مەسئۇل بولغۇچىلار شۇ بويىچە خەت قىلىپ بەردى. بۇ خەتنى كورگەن يۇسۇپ ئەلەيھىسسالام: «بۇ، مېنىڭ ئاغام ئىكەن، دەرھال كەلسۇن» دېدى. بۇ، قىزار ئىدى. ئۇنىڭ 40 ئوغلى بار ئىدى. ئۇ، يۇسۇپ ئەلەيھىسسالامنىڭ بارگاھىغا يېقىن كېلىپ، پادىشاھلارغا مۇناسىپ دۇئالار بىلەن تازىم قىلدى.

— قەيەردىن بولىسىز، نامى - نەسەبىڭىز كىم؟ - سورىدى يۇسۇپ ئەلەيھىسسالام.

— ئىسمىم قىزار، ئىسمائىل ئەلەيھىسسالامنىڭ نەۋرىسى بولىمەن، - دەپ جاۋاپ بەردى قىزار.

يۇسۇپ ئەلەيھىسسالام دەرھال تەختتىن چۈشۈپ، قىزارنى تەختكە چىقىرىپ ئولتۇرغۇزدى ۋە كوپ ئىززەت - ھورمىتىنى قىلدى. قىزار ھەيران قالدى.

— بۇ 40 يىگىت كىملەر بولىدۇ؟ - سورىدى يۇسۇپ ئەلەيھىسسالام.

— مېنىڭ ئوغۇللىرىم، - جاۋاپ بەردى قىزار.

يۇسۇپ ئەلەيھىسسالام ئۇلارغىمۇ ئىززەت-ھورمەت كورسەتتى.

— بۇزاماندا پەيغەمبەرلەردىن كىم بار؟ - سورىدى يۇسۇپ ئەلەيھىسسالام.

— بۇزاماندا، - دېدى قىزار سوزلەپ بېرىپ، - مېنىڭ تا-

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

غام ھەزرىتى ياقۇپ ئەلەيھىسسالام بار. كۆزلىرى ئاقىرىپ كور-ھەس بولۇپ قالدى. ئۇن بىر ئوغلى، ئىككى قىزى بار. ئۇلار-دىن ياخشىراق كۆرىدىغان يۈسۈپ ئىسىملىك بىر ئوغلى بار ئىدى، ئاكىلىرى دالىنى سەيىر قىلدۇرۇپ كېلەيمىز دەپ ئېلىپ كېتىپ، بۆرە يىدى دەپ كەپتۇ. ئۇ بۆرىنىمۇ تاپقان ئىكەن، بۆرە: «بىزگە پەيغەمبەر زادىلارنىڭ گۆشى ھارام، يېمەكلىكىمىز راۋا ئەمەس» دەپتۇ. شۇنداق قىلىپ ئاخىرى يوقۇلۇپ كەتتى. ئۇ، ھەممە ئوغلانلىرىدىنمۇ ياخشىراق ۋە چىرايلىق ئىدى. تا ھازىر-غىچە ئۇ تۇققۇنۇم يىغلاپ يول ئۈستىدە ئولتۇرىدۇ. كىم كۆرسە «يۈسۈپنىڭ ئاتىسى شۇ» دېيىشىدۇ. يۈسۈپ دەپ ئاتاشنىمۇ مەنئى قىلىپتۇ، خۇدانىڭ غەزىۋىدىن قورقۇپ «يۈسۈپۈم» دەپ ئۈن چىقىرالمايدۇ.

يۈسۈپ ئەلەيھىسسالام بۇ سۆزنى ئاڭلاپ ھالى تولىمۇ پەرى-شان بولدى. ئۇ، قىزلارنىڭ ئېلىشىچە بۇغداي بەردى. قىزلار يان-دى ۋە ياقۇپ ئەلەيھىسسالام بىلەن ئۇچراشماي شامغا ئۆتۈپ كەتتى.

*

ئۇچاغلاردا كەنئاندىمۇ قەھەتچىلىك بولغان ئىدى. ھېچ-قەيەردىن ئاشلىق تېپىلمىدى. ئاخىرى تەڭلىك يۈزىسىدىن بې-رىپ قىزلاردىن خەۋەر ئۇققۇشتى.

— مىسىر پادىشاسى تولىمۇ ياخشى كىشى ئىكەن، — ماختاپ بەردى قىزلار، — بىزنى بەك ئوبدان كۈتۈۋېلىپ مېھمان قىلىپ، سەرۇپالار كەيگۈزۈپ، ئېلىپ بارغان مېلىمىزنى ئالمايلا ئاش-لىق بەردى. ئۇنىڭدىن بولەك قىلغان ئىنئام-ئېھسانلىرىنىڭ ھەددى-ھېساۋى يوق.

بۇ گەپنى ئاڭلاپ ياقۇپ ئەلەيھىسسالامنىڭ كۆڭلىگە: «ئە-
شۇ مېنىڭ يۇسۇپۇم بولۇپ قالمىغاي، ئۆزەم بېرىپ خەۋەر ئال-
سام بولاتتى، ئۇزەمنىڭ قولۇمدىن كەلمەيدۇ» دىگەن گۇمان كەلدى.

بۇ ۋاقىتتا ياقۇپ ئەلەيھىسسالامنىڭ باللىرىنى قەھەتچى-
لىك بالاسى تەڭلىككە سالغان ئىدى. ئاخىرى بولالماي ئۇلار
ھەممە، ئۇششاق باللىرىنى ئاتىسىنىڭ قېشىغا ئېلىپ كەلدى ۋە
ىڭلاپ خىجىلچىلىق، شەرمەندىچىلىك بىلەن ئاتىسىنىڭ ئالدىغا
كىرىپ:

— ئەي ئاتا، سىز بىزگە، گەپ قىلمىغىلى بىر نەچچە يىل
بولدى. ئەگەر گۇنا قىلغان بولساق بىز قىلغاندۇرمىز، بۇ ئۇش-
شاق - نارىسىدە باللار مەسۇم. بىزگە رەھمى قىلمىسىلىمۇ مۇشۇ
نارىسىدىلەرگە رەھمى-شەپقەت قىلىپ، پەريادىغا يەتسىلە. بىزدىن
بۇ باللاردەپنى بولۇپ كەتسە ئەجەپ ئەمەس ئىدى، - دەپ
يىغلىدى.

ئۇلارنىڭ كېيىنكە ئاتىسىنىڭ رەھمى كەلدى ۋە شۇنداق دىدى:

— بۇيەردە بۇ ئىشنىڭ ئىلاجى يوق. مەن سىلەرنى ئۈزى
گۈزەل، سۆزى شىرىن، سىدىنى توغرا بولغان بىر كىشىگە دالالەت
قىلاي. ئۇنىڭ قېشىغا بارساڭلار قۇرۇق ياندۇرماس.

— ئۇ كىشى كىم ئىكەن، - سوراشتى ئوغۇللار.

— ئۇ كىشى مىسىرنىڭ پادىشاسى، - دىدى ياقۇپ ئەلەيھىس-
سالام، - مەن ئۇنى كارۋانلاردىن ئاڭلىغان ئىدىم، تولىمۇ تەئ-
رىپ قىلىشىدۇ. بارغان كىشىلەردىن مېنى سورارمىش. مېنىڭ
دۇئا ۋە سالامىمنى ئېلىپ بارساڭلار ئاشلىق ئېلىپ كېلىسىلەر.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

—ھېچقايسىمىزدا ئۇنىڭغا ئېلىپ بارغىدەك بىر نەرسە يوق، — دېيىشتى ئۇلار.

—ئۇ، سېخى كىشى ئىمىش، كۆپكە مىننەتدار بولۇپ، ئازغا نارازى بولماسمىش، — دېدى ياقۇپ ئەلەيھىسسالام.

شۇنىڭ بىلەن ئۇلار كىشى بېشىغا ئىككى نارتوگىدىن ياغلىق قورۇت ۋە ئاق - قارا يۇڭ تېپىپ ئېلىشتى ھەم ئاتىسىدىن سورىدى:

—بۇ قورۇت، يۇڭلارنىڭ لازىمى يوق دېسە قانداق قىلىمىز؟

—ئەۋلادى - ئەژدادىڭلارنى شەپى كەلتۈرۈڭلار، — دېدى ياقۇپ ئەلەيھىسسالام، — ئۇنىڭغا ئۇنىمىسا، ئامرات پېقىرچىلىقىڭلارنى ئەرز قىلىڭلار. لېكىن، بېرىپ بى ئىززەت، بېھۆرمەتلىك قىلماڭلار. پادىشاھنىڭ يېنىدا ئولتۇرغىنىڭلاردا ھەر تەرەپكە قارىماڭلار، كۆزۈڭلارنى كۆزىدىن ئالماڭلار، ھەر قېتىم كۆرگىنىڭلاردا دۇئا ۋە سانا ئېيتىڭلار، رۇخسەت بەرمىگىچە ئولتۇرماڭلار، سۆزلىمىگىچە سۆزلىمەڭلار، تاشتىرى چىققىنىڭلاردا ئىچكىرىدە بولغان ئەھۋاللارنى ھېكايە قىلماڭلار، پادىشاھلارنىڭ سىرىنى ئېيتماق ناھايىتى يامان.

ياقۇپ ئەلەيھىسسالام نەسىھىتىنى تاماملىغاندىن كېيىن، ئوغۇللار مىسىر تەرەپكە يۈزلەندى. يول توسىدىغانلارنىڭ قېشىغا بارغاندا، ئۇلار ئوغۇللارنى قوندۇرۇپ، ئەتىسى نامى - نەسەبلىرىنى سوراپ، خەت قىلىپ، يۇسۇپ ئەلەيھىسسالامغا ئەۋەتتى. بۇ خەتتىن ئۆز ئاكىلىرىنىڭ ئىسمىنى كۆرگەن يۇسۇپ ئەلەيھىسسالام ھۇشىدىن كەتتى ۋە ھۇشىغا كەلگەندىن كېيىن كۆپ يىغلىدى. بۇنىڭدىن تەئەججۈپلەنگەن ئەمىرلەر:

—نىمە ئۈچۈن يىغلايدىلا؟ — دەپ سورىدى.

— بۇ كەلگەنلەر مېنىڭ ئاكىلىرىم. مېنى قۇدۇققا تاشلاپ، قۇلىمىز دەپ ساتقانلار ئەشۇلار، — دىدى يۇسۇپ ئەلەيھىسسالام خاس كىشىلىرىگە.

—ئۇنداقتا يىغلىماقلىرىنىڭ سەۋەبى نىمە؟ — دەپ سورىدى ئۇلار.

—ئۇلارنىڭ گۇناھكار بولۇپ قالغانلىقىغا يىغلايمەن، — دىدى يۇسۇپ ئەلەيھىسسالام.

—ئۇلارغا قانداق جازا بەرمەكچى بولىۋاتىدىلا؟ — دەپ سورىدى ئۇلار يەنە.

—سىخىلار دەرۋىشلەرگە قانداق مۇئامىلە قىلىدىغان بولسا، مەنمۇ ئۇلارغا شۇنداق مۇئامىلە قىلىمەن، — دەپ جاۋاپ بەردى يۇسۇپ ئەلەيھىسسالام.

بارلىق خادىم ۋە ئەئيانلار يۇسۇپ ئەلەيھىسسالامنىڭ سېخىلىقى، ھىممىتى ۋە مەرتلىكىگە ھەيران قېلىشتى. يۇسۇپ ئەلەيھىسسالام شەھەرنى تازىلاش ۋە ئوردىنى بېزەشكە بۇيرىدى. ئۇرغۇن چىرايلىق ياسانغان يىگىتلەرنى يىغىپ، ئوتتەرىپوللارغا ياساۋۇل، قاراۋۇللارنى قويدى. 500 ئالتۇن تاياقلىق، 500 كۈمۈش تاياقلىق ياساۋۇل تۇرغۇزدى. ھەممەيلەن ئېسىل تونلار كېيىشتى. تەخت قويدۇرۇلدى. مىڭ كىشى يولنىڭ ئىككى چېتىدە شەمشەر تۇتۇپ تۇردى. يۇسۇپ ئەلەيھىسسالام بېشىغا بېزەلگەن تاج، ئۈستىگە شاھانە كىيىملەر كېيىپ، بېلىنى ئالتۇن كەمەرى بىلەن باغلىدى. ئۇنىدىن كېيىن ئاكىلىرىنى چاقىرىشقا كىشى ئەۋەتتى. ھەممەيلەن شەھەرگە كىرىشتى ۋە شەھەرنىڭ شۇنداق

چىرايلىق جابدۇلغانلىقىنى كورۇپ، ھەممە خەلق، قوللار، خا-
دىملار ۋە لەشكەرلەرنىڭ ھەشەمەتىگە ھەيران قالغانلىقىدىن باش-
لىرىنى تۇتۇپ قېلىشتى. ئۇلار ئوردىغا كىرىپ بولغىچە يەنىمۇ
ئاجايىپ - غارايىپلارنى كوردى. ئەمما يۇسۇپ ئەلەيھىسسالام يۇ-
زىگە نىقاپ تارتىۋالغان ئىدى. ئۇلار كېلىپ سالام ۋە تازىم
بىجا كەلتۇرگەندە ئانچە ئىلتىپات قىلىپ قويمىدى. كەچ كىر-
گەندە يېيىلدىكلەرنى چاقىرىپ:

—مەن يەيدىغان تائاملاردىن ئۇلارغىمۇ بېرىڭلار، ياخشى ئىززەت - ھورمىتىنى قىلىپ، ئوبدان خىزمەت قىلىڭلار، - دەپ بۇيرىدى.

ئۇلار يېمىگەن نېمەتلەرنى يېدى، كورمىگەن ئىززەتلەرنى كوردى. يۇسۇپ ئەلەيھىسسالام بىر روجەكتىن ئۇلارغا قاراپ، ئۇلارنىڭ ھەممە سوزلىرىنى ئاڭلاپ ئولتۇردى. ئاندىن كېيىن ئوغلى ئىبراھىمنى چاقىرىپ، ئۇنىڭغا:

—ئۇلار سىزنىڭ تاغىڭىز بولىدۇ. ئۇلار ياتقىچە ئوبدان خىزمىتىنى قىلىپ، ھەرقانداق سوز قىلسا، ئاڭلاپ ئولتۇرۇڭ. لېكىن، بىلمىگەن بولۇپ ئولتۇرۇڭ، ھەرگىز ئىبرانى تىلىدا سوزلىمەڭ، - دەپ بۇيرۇدى.

ئىبراھىم شاھانە كىيىملەر كىيىپ، بېشىغا تاج قويۇپ، بېلىگە كەمەر باغلاپ، ئوزىنى تۈزەشتۇرۇپ، قولىغا ئاپتۇۋا-چىلاپچى ئېلىپ، بۇلارنىڭ قېشىغا كىردى ۋە قوللىرىغا سۇ قۇيۇپ بەردى. بۇلارنىڭ بېشى كوككە يەتتى. ئۇلار ئىبرانى تىلىدا سوزلەشتى، ئىبراھىم بىلمىگەن بولۇپ ئولتۇردى. ئۇلار: «بىزگە توققۇز تاۋاقتىن ئاش قويۇپتۇ، باشقىلارغا ئۇنداق قىل-

ماپتۇ، باشقىلارغا بىر تاۋاقتىن قويۇپتۇ، بىزنى غېرىپ-مۇسا-
پىر، پەيغەمبەر زادە دەپ مۇشۇنداق ھۆرمەت قىلىۋاتىدۇ، دەپ
خوشال بولۇشاتتى. بۇچاغدا يۇسۇپ ئەلەيھىسسالام قېرىندىشى
بۇنيامىننى يادلىنىپ تولا يىغلايتتى.

شۇنداق قىلىپ، يۇسۇپ ئەلەيھىسسالام كۈندۈزى ھەممە-
كەت ئىشى بىلەن مەشغۇل بولغان بولسا، كېچىسى ئاكىلىرىنى
كۈتۈش بىلەن بولدى. ئۈچىنچى ئاخشىمى ئاكىلىرى:

—پادىشا مەملىكەت ئىشى بىلەن شۇغۇللانسا، بىزنىڭ ئى-
شىمىز كېيىن قېلىپ، ئۆيەردە ئاچ-زار قالغان بالىۋاقىمىز نىمە
يەپ ئولتۇرار؟ تولا ھايال بولساق، ھەممىسى ئۆلۈپ قالىدۇ
بىكار، پادىشاھ ئۇنى بىلمەيدۇ، - دېيىشكىلى تۇردى.

—پادىشاھ ماڭا تولا قارايدۇ، - دىدى يەھۇدا، - بۇ، بىز-
نىڭ پەيغەمبەرزادە ئىكەنلىكىمىزنى بىلىپ، مۇھەببەت نەزىرى
بىلەن قارىغانلىقى، ئەرزىمىزنى يەتكۈزسەك، سۆزىمىزگە قۇلاق
سېلىپ، ئىشىمىزنى ھەل قىلىپ قويار.

ئۇلار ئەتىسى تاڭ يورۇشى بىلەنلا بېرىپ، يۇسۇپ ئەلەي-
ھىسسالامغا تازىم بىجا كەلتۈردى.

يۇسۇپ ئەلەيھىسسالام ئۇلاردىن سورىدى:

—سىلەرنىڭ ئەسلى نەسەبىڭلار كىم بولىدۇ؟ مەن سىلەردە
پەيغەمبەر زادىلىكنىڭ ئەسىرىنى كۆرمەيۋاتىمەنغۇ؟ ھەممىڭلار
ئېلىپ قاچار جاسۇسلارغا ئوخشايسىلەر، بۇياققا بىر نەرسە ئاڭ-
لىغىلى كەلگەن بولماڭلار يەنە؟

—بىز ئۇنداق ئادەملەر ئەمەس، بىزگە ئۇنداق ئىشنى
قىلىش نومۇس، - دېيىشتى ئۇلار.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

— سىلەر قانچە ئوغۇل؟ — دەپ سورىدى يۈسۈپ ئەلەيھىسسالام.

— بىز 12 ئوغۇل ئىدۇق، بىرىمىزنى بۆرە يېدى، بىرىمىز ئاتىمىزنىڭ قېشىدا قالدى، باشقىلىرىمىزنىڭ ھەممىمىز بار، — دېدى ئۇلار.

— قانداق بولۇپ بۆرە يېگەن؟

— بىز سەھراغا بارغان ئىدۇق، شۇ يەردە يېدى.

— ئۇ، ئۆزى يالغۇزمىدى؟

— بىز ھەمرا ئىدۇق، شۇ يەردە يېدى.

— سىلەر 10 ئاكا - ئۇكا ئىكەنسىلەر، بىر بۆرىنىڭ كۆچۈڭلار يېتىپ ئاجرىتىپ ئالالمىدىڭلارمۇ؟

— قوماچ ھەم ئوزۇق تالقانلىرىمىز بار ئىدى، ئۇنى شۇنىڭ قېشىدا قويغان ئىدۇق، شۇ يەردە يەپتۇ.

— پەيغەمبەر زادىنىڭ گۆشىنى بۆرە يېمەيدۇ. ئۇ گۆش بىرىنگە ھارام. سىلەر ئېيتقان سۆزنىڭ تولىسى يالغاندەك تۇرىدۇ. مەن سىلەرنىڭ بۇنداق يالغان سۆزلىگەنلىكىڭلار ئۈچۈن قول-پۇتۇڭلارغا زەنجىر - كىشەن سېلىپ، زىندانغا تاشلىسام قانداق قىلىسىلەر؟ — دېدى يۈسۈپ ئەلەيھىسسالام ۋە زىندانچىنى چاقىردى.

ئۇلار نالە - پەرياد قىلىشقا باشلىدى:

— ئەي پادىشاھى ئالەم! بىزنى ئۇنداق قىلمىغايسىز. ئۇنداق قىلسىڭىز، ئاتىمىز بىزنىڭ دەردى - پىراقىمىزغا مۇپتىلا بولۇپ قالىدۇ، بالىۋاقىمىزمۇ ئۆلۈپ كېتىدۇ. ئاتىمىزنىڭ ھالىغا رەھىم قىلغايسىز، ھېلىمغىچە، ئۇلارنىڭ ھالى نېمە بولۇپ كەتكەندۇر!

ئۇلارنىڭ نالە - پەريادىنى ئاڭلاپ، يۈسۈپ ئەلەيھىسسا-
لامنىڭ يەنە رەھمى كەلدى:

— ئاتائاڭلارنى شەپى كەلتۈرمىگەن بولساڭلار سىلەرنى زىندانغا تاشلىغان بولاتتىم. ھېلىھەم بىردىڭلار بۇ يەردە قېلىپ، باشقىلىرىڭلار بېرىپ، يەنە تېزدىن كېلىڭلار. بىلمىسا يالغانچىلىغىڭلار مەلۇم بولىدۇ، ئاشلىقمۇ بەرمەيمەن، دېدى ئۇ ۋە شەمئۇننى ئېلىپ قالماقچى بولدى.

بۇلارنىڭ ئۇيەردىن ئېلىپ كەلگەن نەرسىسىنىڭ ھەممىسى بىر توگە ئاشلىققىمۇ ئەرزىمەيتتى. يۈسۈپ ئەلەيھىسسالام ئۇلارنىڭ ئېلىپ كەلگەن نەرسىسىنىڭ ھەممىسىنى ئۆز قولىغا ياندۇرۇپ بېرىپ، ھەرقايسىسىنىڭ ئىككىدىن توگىسىگە ئاشلىق يۈكلۈتۈپ بەردى. ئاتىسىغىمۇ ئىككى توگە ئاشلىق يۈكلەپ بەردى ۋە يوللۇق ئوزۇق - تالقاننى يەتكىچە بەردى ھەم:

— ئۇيەردە قالغان ئىنىڭلارنىمۇ تېز ئېلىپ كېلىڭلار، ئۇنىڭغىمۇ ئاشلىق بېرەي. ئەگەر ئۇ ئىنىڭلارنى ئېلىپ كەلمەسەڭلار يالغانچىلىقىڭلار مەلۇم بولىدۇ - دە، ئۇندىن كېيىن ئاشلىق بەرمەيمەن، - دېدى. ئۇندىن كېيىن مىڭلاپ لەشكەر بىلەن چىقىپ ئۇزۇتۇپ قويدى.

*

— مەن بۇ پادىشاھنى يۈسۈپمىكىن دەيمەن، - دېدى يەھۇدا.

— نە دېگى يۈسۈپنى دەيسەن؟ ئۇ، تىرىك بولغان بولسا، خەۋىرى چىققان بولاتتى، - دېيىشتى باشقىلىرى، - ئۇنىڭغا مۇنداق شانۇ - شەۋكەت نەدە بولسۇن؟ ئەگەر راستىنلا يۈسۈپ بولغان بولسا، بىزگە بۇنچىلا ئىززەت قىلمايتتى، بەلكىم ئىنتىقام ئالاتتى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

—ئەگەر يۈسۈپ بولمىسا، بۇنيامىننى ئەكىلىپ نىمە ئىش قىلىدۇ؟ ئۇنىڭ بىلەن نىمە كارى بار؟ — دىدى يەھۇدا.

ئۇلار ئەنە شۇنداق تالاش - تارتىشلار بىلەن يول يۈرۈپ كەنئانغا يېتىپ كېلىشتى ۋە ياقۇپ ئەلەيھىسسالامغا ئەۋەتىلگەن ئىككى توگە بۇغداينى «مىسىر پادىشاھىنىڭ سوۋغىتى» دەپ تاپشۇرۇپ بەردى. شەمئۇننىڭ ئاۋازىنى ئاڭلىمىغان ياقۇپ ئەلەيھىسسالام «شەمئۇن قېنى؟» دەپ سورىدى.

يۈسۈپ ئەلەيھىسسالام ئۇ يەردە بولغان ۋەقەنى خەت بىلەن يېزىپ ئەۋەتكەن ئىدى. ئوغۇللار بولغان ۋەقەنى سۆزلەپ خەتنى تاپشۇردى. خەتنىڭ مەزمۇنى مۇنداق ئىدى:

«مىسىر شەھىرىگە 10 كىشى كەلدى. بىز ياقۇپ پەيغەمبەرنىڭ پەرزەنتلىرى دەيدۇ. بىز ئۇلارنى جاسۇس ئىكەن، دەپ خىيال قىلدۇق. شەمئۇن دىگەننى ئېلىپ قالدۇق، سۆزىنى ھەررەڭدە سۆزلەيدۇ. ئۇنىڭ راست - يالغانلىقىنى بىلىش ئۈچۈن بۇ مەكتۇپنى يازدىم. ئەگەر سىزنىڭ ئوغلانلىرىڭىز ئىكەنلىكى راست بولسا، بۇ نامىنىڭ جاۋابىغا نامە پۈتۈپ ئەۋەتىڭ. سىزنىڭ نامىڭىز يۈزىسىدىن ئۇلارغا كۆپ ئىززەت - ھۆرمەت قىلىپ قايتۇراي. بىر ئوغلىڭىزنى بۆرە يىگەن ئىكەن، ئۇنىڭ پىراق ئوتىدا تولا پەرىشان ئىمىشسىز، ئۇنىڭ غايىپ بولغانلىق ۋەقەسىنىمۇ نامىگە پۈتۈپ قويغايسىز. مەن ھەر تەرەپكە لەشكەر بۇيرۇپ ئاختۇراي، ئۇنىڭ خەۋىرىنى ئالسام سىزگە يەتكۈزۈپ، غەم ئوتىنى سىزدىن دەپئى قىلغايمەن. ئەمما ئوغلانلىرىڭىزنىڭ سۆزىگە ئىشەنمىدىم، چۈنكى، سۆزلىرى بىر - بىرىگە مۇخالىپ كېلىدۇ. ئۇ يەردە يەنە بىر

ئوغلىڭىز بار ئىمىش، شۇنى ئەۋەتمەك، جىق ئاشلىق بېرەي، ئېلىپ بارسۇن».

ياقۇپ ئەلەيھىسسالام خەتنىڭ مەزمۇنىنى ئاڭلىدى ۋە ئوغۇللىرىغا:

— خاتىرجەم بولۇڭلاركى، بۇنيامىننى سىلەرگە بەرمەيمەن، ئاكىسىنى ئاپىرىپ يوق قىلىپ كەلدىڭلار، ئەمدى بۇنى سىلەرگە بېرىشكە ھەرگىز بولمايدۇ، — دېدى.

بۇلارنىڭ بېشىغا 7 قات ئاسمان يىقىلغاندەك بولدى. ئۇلار يۈكلىرىنى ئاچقان ئىدى، مىسىر پادىشاسىغا ئېلىپ بارغان نەرسىلىرى چىقتى. ئۇلار ئاتىسى قېشىغا كېرىپ:

— مىسىر پادىشاھى بىزنىڭ نامراتلىقىمىزنى كۆرۈپ، ئېلىپ بارغان نەرسىلىرىمىزنى ئالماي ياندۇرۇپ بەردى، — دېيىشتى.

— ئەگەر مىسىر پادىشاھىنىڭ ئالدىدا قەدىرىڭلار بولغان بولسىدى، — دېدى ياقۇپ ئەلەيھىسسالام، — ئېلىپ بارغان نەرسەڭلارنى تەۋەررۈك بىلىپ ئالغان بولاتتى. ئەگەر ئۇ سىلەرگە ئاشلىق بەرمەي تەڭلىكتە قويسا، ئاتا - بوۋىمىزنى ياد قىلىپ ۋەدە بەرسەڭلار ئاندىن بۇنيامىننى قوشۇپ بېرىمەن.

— سىزنىڭ خاھىشىڭىز قانداق بولسا، بىز شۇنى قىلىمىز، — دەپ ۋەدە بېرىشتى ئۇلارنىڭ ھەممىسى.

ياقۇپ ئەلەيھىسسالامۇ بىر نامە پۈتۈپ، سەللىسى بىلەن قوشۇپ بۇنيامىنغا بەردى. ئۇ، سەللىنى كىمگە بەرسە ئۇ كىشى پادىشاھ ھەم پەيغەمبەر بولاتتى.

— مىسىرغا بارغاندا ھەرگىز ھەممىڭلار بىر دەرۋازىدىن

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىغىن ئادرېسى

كىرمەڭلار، ھەر ئىككىڭلار بىر دەرۋازىدىن كىرىڭلار، — دەپ تاپىلاپ بۇنيامىننى قوشۇپ بەردى ياقۇپ ئەلەيھىسسالام.

ئۇلار يولغا چىقىشىپ، ئاخىر مىسىرغا يېتىپ باردى ۋە ھەر ئىككى بىر تۇققان بىر دەرۋازىدىن كىردى. بۇنيامىن يالغۇز بىر دەرۋازىدىن كىردى. ئۇ، ھېچكىمنى بىلمەيدىغان، ھېچبىر يەرگە بېرىپ باقمىغان بولغاچقا، ماڭالماي تۇرۇپ قالدى. بۇ چاغدا جەبرائىل ئەلەيھىسسالام يۇسۇپ ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا كېلىپ:

— ئەي يۇسۇپ، بۇنيامىن كېلىپ، . . . دەرۋازىدا ھەيران بولۇپ تۇرۇپتۇ، تېپىپ ئېلىڭ، — دەپ خەۋەر بەردى.

يۇسۇپ ئەلەيھىسسالام دەرھال تۇگىگە مىنىپ بارسا، بۇنيامىن ھەيران بولۇپ تۇرۇپتۇ، قېشىغا نۇرغۇن كىشىلەر ئولىشىۋاپتۇ.

— نەدىن كەلدىڭ؟ — سورىدى يۇسۇپ ئەلەيھىسسالام ئىبرانىي تىلى بىلەن.

— كەنئاندىن كەلدىم، — جاۋاپ بەردى بۇنيامىن.

يۇسۇپ ئەلەيھىسسالام ئۇنى باشلاپ ئوردىنىڭ دەرۋازىسىغا ئەكەلدى ۋە بىر قىزىل ياقۇتتىن ياسالغان بىلەيزۈكنى بېرىپ ئۆزى ئوردىغا كىرىپ كەتتى. شۇ ئەسنادا ئاكىلىرىمۇ يېتىپ كېلىشتى. بۇنيامىن بىلەيزۈككە ئىگە بولغانلىقى ئۈچۈن تولىمۇ خۇشال بولغان ئىدى.

— نېمە ئانچە خۇشال بولۇپ كەتتىڭ؟ — دەپ سورىدى يەھۇدا.

بۇنيامىن بىلەيزۈكنى كۆرسەتتى. يەھۇدا قارىسا، بىر

مەملىكەتنىڭ خەزىنىسىگە ياردەم قىلىدىغان ئىسىل بىلەيزۈك ئىكەن.
— بۇنى سەن يۇتتۇرۇپ قويسەن، — دېدى يەھۇدا ۋە بىلەيزۈكنى ئېلىۋېلىپ، ئۆز بىلىكىگە سېلىۋالدى. ئەمما ئۇ بىلەيزۈك شۇ زامان غايىپ بولۇپ كېتىپ، بۇنيامىننىڭ قولىدا پەيدا بولۇپ قالدى. يەھۇدا بىلەيزۈكنىڭ غايىپ بولغىنىغا ھەيران بولۇپ قارىسا بۇنيامىننىڭ قولىدا پەيدا بولۇپ قالغان ئىكەن. بىلەيزۈكنى قايسى ئاكىسى قولىغا سېلىپ باقسىمۇ غايىپ بولۇپلا بېرىپ بۇنيامىننىڭ قولىغا چۈشۈپ قېلىۋەردى.

*

بۇ قېتىم يۇسۇپ ئەلەيھىسسالام ئاكىلىرىنى ئىلگىركىدىنمۇ ياخشىراق ئىززەت - ھۆرمەت قىلىپ ئوردىسىغا ئېلىپ كىردى. بۇلار كىرىپ سالام - تازىملىرىنى بىجا كەلتۈرۈشتى. شەمئۇن ئۇلارنىڭ قېشىغا ئېلىپ كېلىندى. ئۇلار ياقۇپ ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇبارەك مەكتۇپلىرىنى تۇتۇپ بەردى. يۇسۇپ ئەلەيھىسسالام ئاتىسىنىڭ ئىچىدە تۇرۇپ مۇبارەك مەكتۇپنى كۆزىگە سۈرتتى ۋە خۇددى باش باھارنىڭ بۇلۇتىدەك زار - زار يىغلىدى. ئەمما كۆزى بۇنيامىندا ئىدى. 6 تاۋاق تائام كەلتۈردى. ئون ئاكا - ئىنىسىنىڭ ھەر ئىككىسىگە بىردىن جەمى بەش تاۋاق ئاش قويۇلدى. بۇنيامىنغا يالغۇز ئاش كەلدى. باشقىلىرى ئاش يېگىلى تۇرغان بولسىمۇ بۇنيامىن ئاش يېمەي يىغلاپ قاراپ ئولتۇردى.
— ئاۋۇ ئىنىڭلار نېمىشقا ئاش يېمەي يىغلاپ قاراپ ئولتۇرىدۇ؟ — سورىدى يۇسۇپ ئەلەيھىسسالام.

ئۇيغۇر كىتاب تورى بىكىتى
www.uyghurkitap.com

— بۇلارنىڭ ھەممىسى ئاكا - ئىنى بىللە ئاش يەۋاتىدۇ، مېنىڭمۇ ئاكام بولغان بولسا، بىللە ئاش يىگەن بولاتتىم، - دەپ جاۋاپ بەردى بۇنيامىن.

— ئۇ ئىنىڭلارنى مېنىڭ قېشىمغا ئەۋەتىڭلار، - دىدى يۇسۇپ ئەلەيھىسسالام، - مەن بىلەن بىللە ئاش يىسۇن!

ھەممىسى ئىززەت - ھۆرمەت بىلەن تازىم قىلىشىپ: «ئوبدان بولىدۇ» دىيىشتى.

يۇسۇپ ئەلەيھىسسالام بۇنيامىننى پەردىنىڭ ئىچىگە ئەكىرىپ، تەختكە ئولتۇرغۇزدى ۋە ئاكا - ئىنى ئىككىسى بىر تاۋاقتا ئاش يىدى.

تائامدىن كېيىن يۇسۇپ ئەلەيھىسسالام بۇلارغا 6 ئۆي راسلاتتى ۋە ھەر ئىككى تۇغقىنىنى بىر دىن ئۆيگە چۈشۈردى. بۇنيامىنغا يالغۇز بىر ئۆي قالدى. ئۇ بولسا، يەنە يىغلاپ:

— مېنىڭمۇ ئاكام بولسا ئىككىمىز بىر ئۆيگە چۈشكەن بولاتتۇق، - دىدى.

— نىمىشقا يىغلايسىز؟ - سورىدى يۇسۇپ ئەلەيھىسسالام.

— يالغۇزلىقىمغا يىغلايمەن، - دىدى بۇنيامىن، -مېنىڭمۇ ئاكام بولغان بولسا بىر ھوجرىغا چۈشكەن بولاتتۇق.

— سىزنىڭ ئاكىڭىز نەگە كەتكەن؟

— بىر كۈنى ئاكىلىرىم سوراپ ئېلىپ كەتكەن ئىدى، ئاخشىمى «بۆرە يىدى» دەپ كەلدى. شۇندىن بېرى خوشاللىقنى ئۇزەمگە ھارام قىلغانمەن، - دەپ جاۋاپ بەردى بۇنيامىن.

— مەن سىزگە ئاكا بولسام قانداق؟ - دەپ ئۇنىڭ كۆڭلىنى ياسىدى يۇسۇپ ئەلەيھىسسالام.

— پەرمانىڭىزغا تەييارمەن، سىز ئىمىنى خالىسىڭىز شۇنى قىلالايسىز، — دېدى بۇنيامىن.

يۇسۇپ ئەلەيھىسسالام ئىنىسىنىڭ قېشىدا ئولتۇرۇپ بىر تاۋاقتا تاماق يېدى. ئۇ، بۇنيامىنغا ئۆز قولى بىلەن تاماق يەدۈرۈپ قويدى. تاماق يېيىلىپ بولغاندىن كېيىن بۇنيامىن يىغلاپ تۇرۇپ:

— ئەي پادىشاھى ئېزىز! سىزنىڭ قوللىرىڭىز ئاكامنىڭ قوللىرىغا ئوخشايدىكەن، سۆزلىرىڭىز ۋە يۈرىكىڭىزمۇ ئاكامغا ئوخشايدىكەن، — دېدى.

— خاتىرجەم بولۇڭ، پات ئارىدا ئاكىڭىزنى سىزگە كۆرسىتەي، — دېدى يۇسۇپ ئەلەيھىسسالام ۋە تەختكە چىقىپ ئولتۇرۇپ ئاكىلىرىنى چاقىرتتى ھەم بۇنيامىنغا ئالتۇن جام بىلەن شەربەت تۇتتى، باشقىلارغا مىس جامدا بەردى. ئاكىلىرى ئۇنى كۆرۈپ:

— زادى راھىلەنىڭ بالىلىرى بەختلىك بولىدىكەن، — دېيىشتى.

يۇسۇپ ئەلەيھىسسالام ئۇلاردىن سورىدى:

— ئاتاڭلار قايسىڭلارغا بەكرەك مېھرىۋان ئىدى؟

— ھەممىمىزدىن بەكرەك يۇسۇپ دىگەن ئوغلىغا مېھرىۋان ئىدى. ھازىر بۇنيامىنغا بەكرەك مېھرىۋان، — دەپ جاۋاپ بېرىشتى.

يۇسۇپ ئەلەيھىسسالام بۇنيامىندىن سورىدى:

— ئۆيلەندىڭىزمۇ، پەرزەندىڭىز بارمۇ؟

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

— ئۈچ ئوغلۇم، 7 قىزىم بار، ئەي مىسىر پادىشاھى!

— پەرزەنتلىرىڭىزگە نېمە ئىسىم قويدىڭىز؟

— چوڭ ئوغلۇمغا يۈسۈپ دەپ ئىسىم قويدۇم. ھەر قاچان يۈسۈپ دېسەم ئەشۇ قېرىندىشىم يادىمغا كېلىدۇ. ئىككىنچى ئوغلۇمغا قان دەپ ئىسىم قويدۇم. ھەر قاچان قان دېسەم ئەشۇ قانلىق كۆينەك يادىمغا كېلىدۇ. ئۈچىنچىسىگە بۆرە دەپ ئات قويدۇم. ھەر قاچان بۆرە دېسەم، ئۇنى بۆرە يېگەنلىكى يادىمغا كېلىدۇ، — دەپ جاۋاپ بەردى بۇنيامىن.

— ئاتىڭىزنىڭ ھالى نېچۈك؟ — سورىدى يۈسۈپ ئەلەيھىسسالام.

— ئاتىمىزنىڭ ھالى خاراپ، — جاۋاپ بەردى بۇنيامىن، — تولىمۇ پەرىشان، بەكمۇ ئىزتىراپلىق① ئەھۋالدا.

— ئاكىڭىزنىڭ ھېچ خەۋىرى بولمىدىمۇ؟

— ئىككى قېتىم خەۋىرى بولدى. ئاكىلىرىم «يالغان ئېيتىدۇ» دېيىشتى.

— ئاكىڭىزنىڭ خەۋىرىنى سىزگە ھەم ئاتىڭىزغا مەن ئېيتىمەن، — دېدى يۈسۈپ ئەلەيھىسسالام.

— ئاكامنى بۆرە يېدى دېگىلى 40 يىل بولۇپتۇ. قەيەردىن خەۋىرى بولاركەن، — دېدى بۇنيامىن. شۇ ئەسنادا ئاكىلىرى:

— بىزگە بۇنداق ياخشى ئىلتىپات بىلەن ئىنئام - ئېھسان قىلىۋاتىسىز شاھىم، ئەمما بىزنىڭ ئەھلى - ئائىلىلىرىمىزنىڭ قەھەتچىلىك بالاسى بىلەن ھالى خاراپ. بىزگە پاتراق رۇخسەت بولسا ئىدى، چۈنكى، بىزنىڭ كۆڭلىمىز ھەمىشە ئۇلارنىڭ غەم-

① ئىزتىراپ — تەشۋىش دېگەن سۆز — م.

غۇسسىگە مۇپتىلادۇر، — دېيىشتى. يۇسۇپ ئەلەيھىسسالام ئۇلارغا:

— سىلەرنىڭ ئىشىڭلارنى ئەتە پۈتكۈزۈپ بېرەي، — دەپ جاۋاپ بەردى.

يۇسۇپ ئەلەيھىسسالام ئۇ يەردە چوڭ بىر ئۆي ياسىتىپ، ئۆينىڭ تاملىرىغا ئۆزىنىڭ ئاكىلىرى جاپا قىلغان ئىشلارنىڭ سۈرىتىنى سىزدۇرۇپ قويغان ئىدى، ئاكىلىرىنى ئەشۇ ئۆيگە باشلاپ مېھمان قىلدى. ئاكىلىرى بۇ سۈرەتلەرنى كۆرۈپ، ھەممىسى شەرمەندىلىك ۋە خىجالەتچىلىكتىن تائام يېگۈچىلىك ئەقلى-ھوشى قالمىدى. تائامدىن كېيىن باشقا ئۆيگە چۈشۈردى. بۇنيامىن:

— بۇ ئۆيدە قېرىنداشىم يۇسۇپنىڭ سۈرەتلىرى بار ئىكەن، شۇنى يەنە بىر كۆرسەم، يۈرەك باغرىمنىڭ دەردىگە مەلھەم قويسام دەپ رۇخسەت سورىدى.

يۇسۇپ ئەلەيھىسسالام رۇخسەت بەردى ۋە ئوغلىنى چاقىرىپ:

— بۇنيامىننىڭ قېشىغا كىرىپ ئىبرانى تىلىدا سۆزلەڭ. سىز كىمنىڭ ئوغلى؟ دەپ سورىسا، ئاكىمىز يۇسۇپ سىددىقۇللانىڭ ئوغلى دەڭ، — دەپ تاپىلىدى. ئىبراھىم كېلىپ ئولتۇرۇپ ئىبرانى تىلىدا سۆزلىدى.

— ئەي شاھزادە، ئىبرانى تىلىنى كىمدىن ئۆگەندىڭىز؟ — دەپ سورىدى بۇنيامىن.

— ئاتامدىن ئۆگەندىم.

— ئاتىڭىز كىم؟

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

— مېنىڭ ئاتام سىزنىڭ ئاكىڭىز يۈسۈپ سىددىقۇللا، — دەپ جاۋاپ بەردى ئىبراھىم. بۈنيامىن شۇھامان ئىبراھىمنى قۇچىقىغا ئېلىپ، يۈز - كۆزلىرىگە سۆيۈپ، خۇددى باش باھارنىڭ بۇلۇتىدەك ياش تۆكۈپ، زار - زار يىغلىدى. ئىبراھىم ئۇنى ئاتىسىنىڭ قېشىغا باشلاپ كەلدى. يۈسۈپ ئەلەيھىسسالام يۈزىدىن نىقابىنى ئالدى ۋە:

— ئەي بۈنيامىن! ئاكىڭىز يۈسۈپ مەن بولىمەن، — دېدى.

— ئەي قېرىندىشىم، شۇنچە ۋاقىتلاردىن بۇيان نەدە ئىدىڭىز؟ سىزنى بورە يەدى دىگەن ئەمەسمىدى؟ — دەپ سورىدى بۈنيامىن.

يۈسۈپ ئەلەيھىسسالام: «مېنى ئاپىرىپ قۇدۇققا تاشلىدى، قۇدۇقتىن چىقىرىپ قۇلىمىز دەپ ئاپىرىپ ساتتى» دەپ بېشىغا كەلگەن كۈنلەرنى بىر - بىرلەپ سۆزلەپ بەردى ۋە بۈنيامىن بىلەن تونۇشۇپ، يىغلىشىپ، سۆيۈشۈپ، بىھۇش بولۇپ، يەنە ھۇشىغا كېلىشتى.

— بىزنىڭ تونۇشقىنىمىزنى، — دېدى يۈسۈپ ئەلەيھىسسالام، — ئۇلار ئاڭلىمىسۇن. ئاللاتائالادىن ئاتام بىلەن كۆرۈشۈشكە رۇخسەت بولغىچە، مەن ئۇلاردىن يوشۇرۇپ تۇرىمەن.

— ئەي قېرىندىشىم، مەن ئەمدى سىزدىن ئايرىلىپ قانداق تاقەت قىلىمەن؟ — دېدى بۈنيامىن.

— بىر تەدبىر بىلەن سىزنى ئېلىپ قالىمەن، — دېدى يۈسۈپ ئەلەيھىسسالام ۋە ئامبار باشقۇرغۇچىغا:

— كەنئاندىن كەلگەنلەرگە ئاشلىق بېرىڭلار، — دەپ

بۇيرىدى ھەم ئامبار باشقۇرغۇچىنىڭ ئۆزىگە: «ئاشلىقنى ئالتۇن كەمچەن بىلەن بېرىپ، بىر ئىلاج قىلىپ كەمچەن قاچىنى بۇنىيامىنىڭ تاغىرىغا سېلىپ قويۇڭ، باشقىلار كۆرمىسۇن»، دەپ تاپىلاپ قويدى. ئامبار باشقۇرغۇچى قاچىنى بۇنىيامىنىڭ قېپىغا سېلىپ بەردى. ھەممىسىگە رۇخسەت بېرىپ، شەھەردىن چىقاردى. ئۇلار يول يۈرۈپ بىر كۈنلۈك يەرگە كەلگەندە ئارقىسىدىن بىرمۇنچە كىشى قوغلاپ كەلدى ۋە ئۇلارنى توختىتىپ:

—سىلەر ھەممىڭلار ئوغرى ئىكەنسىلەر، پادىشاھنىڭ ئالتۇن قاچىسىنى ئوغرىلاپسىلەر، ياخشىلىقچە بېرىڭلار، بولمىسا، سىلەرنىڭ ھەممە يۈكۈڭلارنى ئاختۇرىمىز، شەرمەندە بولىسىلەر، — دەپ تۇۋلاشتى.

— بىزنىڭ ئۇنداق ئىشتىن خەۋىرىمىز يوق، بىز پەيغەمبەر زادىلار، بىزدىن ئۇنداق ئىش ئوتولمەيدۇ، — دېيىشتى ئوغۇللار. كەلگەنلەر ئۇنى ئاڭلاپ:

— ئاختۇرساق، مۇبادا سىلەردىن چىقىپ قالسا، قانداق قىلىسىلەر؟ — دېدى.

— ئاختۇرۇڭ، ئەگەر بىزنىڭ ئارىمىزدا كىمنىڭ يۈكلىرىدىن چىقسا، بىزنىڭ رەسمىمىزچە شۇ ئادەم مال ئىگىسىگە قۇل بولىدۇ، — دېدى يەھۇدا.

— بىزنىڭ شەرىئىتىمىزدە ئوغرىنىڭ قولىنى كېسىمىز ۋە زىندانغا سالىمىز، — دېدى كەلگەنلەر. ئوغۇللار:

— ئىختىيار سىزدە، خالىسىڭىز بىزنىڭ يولىمىزچە ھۆكۈم قىلىڭ، خالىسىڭىز ئۆز شەرىئىتىڭىز بويىچە ھۆكۈم قىلسىڭىزمۇ قوبۇل قىلىمىز، — دەپ رازىلىق بىلدۈردى. ئۇلار ئاختۇرغان

ئۇيغۇر كىتاب تورىبىكىتى
www.uyghurkitap.com

ئىدى، كەمچەن بۇنيامىننىڭ تاغىرىدىن چىقتى. ئاكىلىرى خىجالەتتىن سۆزلىيەلمەي قالدى ۋە ھەممىسى بۇنيامىنغا مالامەت قىلىشقا باشلىدى.

— ھەرقايسىڭلار ئۆز ئىشىڭلارنى بىلىڭلار، مەن ئۆزەمنىڭ ھوددەمدىن ئۆزەم چىقىمەن، دېدى بۇنيامىن كۈلۈپ.

كەلگەنلەر بولارنىڭ ھەممىسىنى ئېلىپ قايتتى ۋە يۇسۇپ ئەلەيھىسسالامنىڭ ئالدىغا ئېلىپ كىرىپ، بولغان ۋەقەنى ئېيتىپ بېرىشتى.

— مەنمۇ بولار دەسلەپ كەلگەندە ئوغرىغا ئوخشاش كىشىلەر ئىكەن، - دىگەن ئىدىم، - دېدى يۇسۇپ ئەلەيھىسسالام.

— بۇ ۋەقە بۇنيامىندىن سادىر بوپتۇ، بۇنىڭ بورە يىگەن ئاكىسى يۇسۇپمۇ ئوغرى ئىدى، ئانىسى ھەم يامان خۇتۇن ئىدى،— دېيىشتى ئۇلار.

بۇ سۆزنى ئاڭلىغان يۇسۇپ ئەلەيھىسسالام دەرغەزەپ بولدى، لېكىن ئۆزىنى مەلۇم قىلمىدى.

*

يۇسۇپ ئەلەيھىسسالام ھەرگىزمۇ ئوغرىلىق قىلمىغان ئىدى. ئاكىلىرى نىمىشقا ئوغرى دەيدۇ؟ بۇ، مۇنداق ئىش ئىدى:

يۇسۇپ ئەلەيھىسسالامنىڭ ئانىسى راھىلە بۇنيامىننى تۇغىدىغان چاغدا ۋاپات بولدى. شۇڭا بۇنيامىننى ئىمىگەنىنىڭ بېقىشىغا بەرگەن ئىدى. ئۇ چاغدا يۇسۇپ ئەلەيھىسسالام تېخى كىچىك ئىدى. ياقۇپ ئەلەيھىسسالامنىڭ بىر ھەمشىرىسى بار ئىدى. ئۇ، يۇسۇپ ئەلەيھىسسالامغا بەكمۇ مېھرىۋان ئىدى. يۇسۇپ ئەلەيھىسسالامنى ئەشۇ ھاممىسى بېقىپ چوڭ قىلغان

ئىدى. يۈسۈپ ئەلەيھىسسالام 5 ياشقا كىرگەندە، بىر كۈنى ياقۇپ ئەلەيھىسسالام ئۇنى قايتۇرۇپ كېلىشكە باردى. لېكىن، ھاممىسىنىڭ ئۇنى قايتۇرۇپ بېرىشكە تاقىتى يوق ئىدى. ئۇ، يۈسۈپ ئەلەيھىسسالامنى ئېلىپ قېلىش ئۈچۈن تەدبىر ئىشلىتىپ، ئىسھاق ئەلەيھىسسالامدىن قالغان بىر كەمەرنى يۈسۈپ ئەلەيھىسسالامنىڭ كۆينىكى ئىچىدىن باغلاپ قويىدى ۋە ياقۇپ ئەلەيھىسسالامغا قوشۇپ ئەۋەتتى. لېكىن، ئارقىسىدىن كەمەر يوق تۇرىدۇ، دەپ ئىزدەپ كېلىپ، يۈسۈپ ئەلەيھىسسالامنىڭ بېلىدىن تېپىۋالدى ۋە يۈسۈپ ئوغرى بولدى دەپ ئۇنى يانىدۇرۇپ ئېلىپ كەتتى. ياقۇپ ئەلەيھىسسالام ھېچ ئىلاج قىلالماي قالدى. ئاكىلىرى يۈسۈپ ئوغرى ئىدى دېگىنىنىڭ سەۋەبى شۇ ئىدى.

*

يۈسۈپ ئەلەيھىسسالام ئاكىلىرىنىڭ سوزىگە غەزەپلەنگەنلىكى ئۈچۈن ئوغلى ئىبراھىمغا بۇيرىدى. ئوغلى بىر تاش ۋە بىر مىل ① ئېلىپ كەلدى. يۈسۈپ ئەلەيھىسسالام تاشنى مىل بىلەن ئۇردى ۋە سورىدى:

— تاش نېمە دەۋاتىدۇ؟

— بىلمىدۇق، — دېيىشتى ئاكىلىرى.

— بۇ تاش، — دېدى يۈسۈپ ئەلەيھىسسالام، — ئاكىلىرى يۈسۈپنى ئۇرغۇن ھىلە - مىكىرلەر بىلەن ئاتىسىدىن تىلەپ ئېلىپ بېرىپ، تۈرلۈك - تۈرلۈك ئازاپلار بىلەن قىيناپ، قۇدۇققا تاشلاپ، قۇدۇقتىن ئېلىپ قۇلىمىز دەپ ساتتى. ئالغۇچىغا: ئۈچ ئەيىبى بار، بىرىنچىسى، ئوغرى؛ ئىككىنچىسى قاچقاق؛

---

① مىل — ناغرا چوكىسىغا ئوخشاش تاياقچە — م.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئۇچىنچىسى يىغلاتقۇ، دىگەن 3 شەرت بىلەن ساتتى. بورە يىدى دىگىنى يالغان دەيدۇ.

ئاكىلىرى ھەيران قالدى. يۇسۇپ ئەلەيھىسسالام تاشنى يەنە ئۇرۇپ سورىدى:

— تاش نىمە دەۋاتىدۇ؟

— بىلمىدۇق، — دىيىشتى ئۇلار يەنە.

— تاش: ئىنىسى يۇسۇپ تىرىك بار، ئەمما يىراق يەردە، يەنە قىيىندا ئۇچرىشىدۇ. ئاكىلىرى پادىشاھقا راست سوزنى ئېيتىدۇ، ئاتىسى بىلەن تېپىشىدۇ دەۋاتىدۇ، — دىدى يۇسۇپ ئەلەيھىسسالام.

يۇسۇپ ئەلەيھىسسالام تاشنى يەنە ئۇرۇپ سورىدى:

— بۇ تاش نىمە دەۋاتىدۇ؟

— بىلمىدۇق، — دىيىشتى ئۇلار يەنە.

— بۇ تاش: يۇسۇپنى قۇدۇققا تاشلاپ، كوينىكىنى ئوغلاق قېنىغا بۇلاپ، ئاتىسىغا ئاپىرىپ، بورە يىدى دەپ يالغان ئېيتتى. ئەتىسى يەنە بېرىپ، يۇسۇپنى 18 پۇچەك يارماققا سېتىپ، ئىبرانى تىلىدا تىلخەت يېزىپ، موھۇر بېسىپ، قۇلدارغا بەرگەن دەيدۇ. راستمۇ؟ دەپ سورىدى يۇسۇپ ئەلەيھىسسالام.

— بورە يىگەنلىكى راست، ساتتى دىگىنى يالغان، — دەپ تاندى ئۇلار.

— بۇ تاش ھەرگىز يالغان سوزلىمەيدۇ، — دىدى يۇسۇپ ئەلەيھىسسالام، — تاشقا يەنە ئۇرۇپ قۇلاق سالدى ۋە:

— بۇ تاش يۇسۇپنى ئالغان كىشىگە بەرگەن تىلخەت پادىشانىڭ غەزنىسىدە بار دەيدىغۇ؟ — دەپ، ئىبراھىمنى «ئۇ خەتنى تېپىپ كەلتۈرگىن» دەپ بۇيرىدى.

ئىبراھىم خەتنى ئېلىپ كېلىپ ئاكىلىرىغا بەردى. ھەممىسى خىجالەتتىن باش كوتىرىشەلمىدى ۋە:

— بۇ خەت، تەتتىن بىزنىڭ خەۋىرىمىز يىق، — دەپ تۇرۇۋالدى.

يۇسۇپ ئەلەيھىسسالام بۇنيامىندىن سورىدى:

— بۇ خەت يالغانمۇ؟ ياكى ئاكىلىرىڭنىڭ سوزى يالغانمۇ؟

— ئاكىلىرىمنىڭ سوزى يالغان، بۇ تاشنىڭ ھەممە سوزى راست، — دىدى بۇنيامىن.

يۇسۇپ ئەلەيھىسسالام تاشنى يەنە ئۇردى ۋە سورىدى:

— بۇ تاش نىمە دەۋاتىدۇ ؟

— بىلمىدۇق، — دىيىشتى ئۇلار.

— بۇ تاش بۇلارنىڭ ئىچىدە بىر ئەر بار، ئاچچىغى كەلسە بەدىنىدىكى مويى كىيىمىدىن تىشىپ چىقىدۇ، دەيدىغۇ؟ — دىدى يۇسۇپ ئەلەيھىسسالام ۋە يەھۇداغا قاراپ:

— ئۇيالمىدىڭىزمۇ؟ شۇنچە باھادىر تۇرۇپ، يۇسۇپنى بورىگە يىگۇزۇپسىزغۇ يىگىت؟ — دىدى.

يەھۇدا ئورنىدىن تۇرغىچە، خىجالەتچىلىكتە خۇدى يۇقالدى.

يۇسۇپ ئەلەيھىسسالام تاشنى ئۇردى ۋە سورىدى:

— تاش نىمە دەۋاتىدۇ؟

— بىلمىدۇق، — دىيىشتى ئۇلار.

— بۇتاش بۇلارنىڭ ئىچىدە بىر ئەر بار، غەزنۇي كەلسە تاشنى ئالقىنىدا ئىزىپ تالقان قىلىۋېتىدۇ، دەيدىغۇ؟ ئۇ كىشى قايسىڭلار؟ — دىدى يۇسۇپ ئەلەيھىسسالام.

— مەن بولىمەن، - دەپ روبىل ئورنىدىن تۇردى.

— شۇنچە كۆچ - قۇۋۋىتىڭ بار تۇرسا، ئۆكاڭ يۇسۇپنى نىمىشقا بورىگە يىدۇردۇڭ، - دىدى يۇسۇپ ئەلەيھىسسالام ۋە تاشنى ئۇرۇپ قويۇپ سورىدى:

— بۇ تاش نىمە دەۋاتىدۇ؟

— بىلمىدۇق.

— بۇ تاش: بۇلارنىڭ ئارىسىدا بىر ئەر بار، ئاچچىغى كەلسە ھەر قانداق چوڭ دەرەخنى يىلتىزى بىلەن قومۇرۇپ تاشلايدۇ، دەيدىغۇ؟ ئۇ قايسىڭلار؟

يەشەجەر ئورنىدىن تۇرۇپ، «مەن» دىدى.

— شۇنچە كۆچۈڭ بىلەن نىمىشقا ئىنىڭنى بورىگەيىدۇردۇڭ؟- دىدى يۇسۇپ ئەلەيھىسسالام ۋە تاشنى يەنە ئۇرۇپ قويۇپ سورىدى:

— بۇ تاش نىمە دەۋاتىدۇ؟

— بىلمىدۇق.

— بۇ تاش: بۇلارنىڭ ئارىسىدا بىر ئەر بار، ئۇ ئوق ئاتسا ئوقى ئالتە ياغاچلىق يەرگە بارىدۇ، دەيدىغۇ؟ ئۇ، قايسىڭلار؟

شەمئۇن ئورنىدىن تۇرۇپ «مەن» دىدى.

— شۇنچە كۆچۈڭ بار تۇرۇپ، نىمىشقا بۇرادىرىڭ يۇسۇپنى بورىگە يىگۈزدۇڭ، - دىدىيۇسۇپ ئەلەيھىسسالام ۋە تاشنى يەنە ئۇرۇپ سورىدى:

— بۇ تاش نىمەدەۋاتىدۇ؟

— بىلمىدۇق، - دىيىشتى ئۇلار.

— بۇ تاش: بۇلارنىڭ ئارىسىدا بىرئەر بار، ئەگەر شىرغا

تاقابىل تۇرسا، شىرنى تۇتۇپ ئاغزىنى يىرتىدۇ، دەيدىغۇ؟ ئۇ، قايسىڭلار؟

— مەن، — دېدى قازورا ئورنىدىن تۇرۇپ.

— شۇنى يەڭگەن قوۋۋىتىڭ بىلەن بىر بۆرىگە تاقابىل تۇرالمىدىڭمۇ؟ — دېدى يۇسۇپ ئەلەيھىسسالام ۋە ئۇلارنىڭ مالىك زىغىرغا بەرگەن ھېلىقى تىل خېتىنى كۆرسەتتى:

— بۇ خەت يالغانمىكەن؟

— يۇسۇپنىڭ ئانىسى كېنىزەكنىڭ قىزى ئىدى، شۇ سەۋەپتىن ئۇنى ساتقانلىغىمىز راست، — دەپ ئىقرار قىلىشتى ئاكىلار.

— ئەي پادىشاھىم، — دېدى بۇنيامىن، — بۇ تاش يۇسۇپ تىرىك، تېز پۇرسەتتە ئاتىسى بىلەن ئۇچرىشىدۇ، — دەۋاتىدۇ. شۇڭا بىر مەكتۇپ پۈتۈپ، ئاتىمىزغا ئەۋەتسىلە، ئاتىمىزنىڭ كۆڭلى شۇنچە خوش بولاتتى.

بۇ گەپنى ئاڭلىغان ئاكىلارنىڭ ئاچچىغى كەلدى ۋە:

ئاتىمىزنىڭ شۇ چاققىچە تارتقان دەرت-ئەلەم، ھەسرەت-نادامەتلىرى ئازمۇ؟ يەنە خەت ئەۋەتىپ، دەرت-پىراقىنى زىيادە قىلىپ، دىلىغا يېڭىۋاشتىن ئوت ياقاي دەمسەن؟ خۇدا خالىسا، سەندىنمۇ قۇتۇلارمىز، شۇ يۈزۈك بىلەن پادىشاھنىڭ ئالتۇن كەمچىنىنى ئوغرىلاپ، بىزنى خىجالەتكە قويدۇڭ. يەنە نېمە قىلاي دەيسەن؟ — دېيىشتى. ئەسلىدە يۇسۇپ ئەلەيھىسسالام ئاتىسىغا بىر مەكتۇپ يېزىپ بۇنيامىننىڭ قولىغا بەرگەن ئىدى. بۇنيامىن ئۇنى ئۆز يۈكىنىڭ ئىچىگە يوشۇرۇپ قويغان ئىدى. ئاكىلىرىنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ، يۇسۇپ ئەلەيھىسسالامنىڭ چەكسىز غەزىۋى كەلدى. ئەمما ئاكىلىرى:

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

— ئەي پادىشاھى ئالەم، بىزگە بۇنىڭدىن ئارتۇق ئازار بەرمەڭ، — دەپ تۇرۇۋالدى.

— بۇ ئىشلىرىڭلارغا جازا بېرەتتىم، ئەمما سىلەر پەيغەمبەرزادە ئىكەنسىلەر، ئاتاڭلارنىڭ ھۆرمىتىنى ساقلىدىم، نىمىلەرنى قىلىۋەتكۈم كېلىدۇ، بۇ زاتنى ئۇنۇتقانلارنى، — دېدى يۇسۇپ ئەلەيھىسسالام، ئارقىدىن بۇنيامىننى زىندانغا سېلىشقا بۇيرىدى، يۇسۇپ ئەلەيھىسسالام بىر باھانە بىلەن ئىنىسى بۇنيامىننى ئېلىپ قالماقچى ئىدى. ئاكىلىرى كۆپ ئۆزرە بىلدۈرۈپ، تاما قىلىپ، ئاتىسىنى شەپى كەلتۈرۈپ يالۋۇردى:

— ئەي پادىشاھى ئېزىز! ئۇنىڭ ئاتىسى ياشانغان، زەئىپ ۋە بىچارە كىشى. ئۇنى بىزگە بەرگەن بولسىڭىز، ئاتىمىزغا سالامەت يەتكۈزسەك ياخشى بولاتتى. ئۇنىڭ سىزدىن كۆڭلى خوش بولسا ياخشى بولاتتى. سىزنىڭمۇ ياخشى نامىڭىز پۈتۈن ئالەمگە تارقىغان بولاتتى. ئاتىسى دۇئايى خەير قىلغان بولاتتى. سىزنىڭ بۇ دۇنيالىق دۆلىتىڭىز مەئمۇر، ئاخىرەتلىكىڭىز ئاۋات بولغان بولاتتى. بۇنيامىننىڭ ئورنىغا قايسى بىرىمىزنى خالىسىڭىز شۇنى ئېلىپ قالغان بولسىڭىزمۇ مەيلىدى، — دەپ زارلاندى ئۇلار.

— ئەي ئەھلى ياقۇپ، بىلىڭلاركى، بىزنىڭ رەسمىمىزدە مالنى ئوغۇرلىغان كىشىنى تۇتىدىغان ئىش بار، ئۇنىڭ ئورنىغا باشقا بىرسىنى تۇتۇپ جەبىر قىلىدىغان قائىدە يوق، — دېدى يۇسۇپ ئەلەيھىسسالام.

ئاكىلىرى نائۈمىت بولۇپ ياندى، لېكىن، ئۇلار: «ئاتىمىزنىڭ ئالدىغا قايسى يۈزىمىز بىلەن بارىمىز؟ يۇسۇپ ئۈچۈن

بىر يۇزسىزلىك قىلدۇق، ئەمدى بۇنى بىر ئىش قىلىپ قۇتقۇ-
زۇۋالمساق بولمايدۇ» دەپ كېڭەشتى.
— ئىسلاقنىڭ لەشكىرىنى مەسخىرە قىلغان ئادەم مانا مەن،—
دېدى يەھۇدا.— مەن ئۆزەم يالغۇز بېرىپ زىنداننىڭ ياقىسىدا
ئولتۇراي، بۇنيامىننى ئېلىپ كەلگەن چاغدا بىر نەرە تارتاي،
سىلەر يىغىلىپ كېلىڭلار. شەمشەر تارتىپ، ھەممىڭلار خەلقىنىڭ گو-
شىنى پوستىدىن ئايرىپ بىر ئىش چىقىرايلى!
ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئۇز كۇچىگە ئىشىنىپ، ئۇنىڭ مەسلە-
ھىتىگە قوشۇلدى.

*

يۇسۇپ ئەلەيھىسسالام ئۇلارنىڭ مەسلىھەتىنى بىلىپ قېلىپ،
بېشىغا ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ سەللىسىنى كەيدى. ئۇنىڭ
ئاكىلىرى ھەممىسى ھەر تەرەپكە قاراپ تۇرۇشقان ئىدى،
يەھۇدا ئۆزى يالغۇز زىنداننىڭ ئالدىغا بېرىپ تۇردى. ئۇنىڭ
ئادىتى شۇ ئىدىكى، غەزىپى كەلگەندە كوزىدىن قان تېمىپ،
بەدىنىدىكى مويى كىيىمىنى تېشىپ چىقاتتى. لېكىن ئىبراھىم
ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۇرۇغىدىن كىم بولمىسۇن بىرسى ئۇنىڭ ئۇچى-
سىنى سىلىسا، غەزىپى پەسلەيتتى. شۇنىڭ بىلەن ھېچ ئىش
قىلالماي قالاتتى. يۇسۇپ ئەلەيھىسسالام ئوغلىغا:
— يەھۇدا نەرە تارتسا، ھامىلدار ئاياللارنىڭ بويىدىن
ئاجراپ كېتىدۇ. سىز ئاستا بېرىپ ئۇنىڭ ئۇچىسىنى سىلاپ
قويۇڭ، لېكىن ئۇ سىزگە گەپ قىلسىمۇ سىز ئۇنىڭغا گەپ قىلماڭ،—
دېدى.
يەھۇدا نەرە تارتاي دەپ تۇرغان ئىدى، ئىبراھىم كېلىپ

ئۇيغۇر كىتاب تورىكتلى
www.uyghurkitap.com

ئۇچىسىنى سىلاپ كەتتى. يەھۇدانىڭ ئاچچىغى پەسىيىپ قىلىپ نەرە تارتالمىدى. ئۇنىڭ تۇققانلىرى «يەھۇدا نەرە تارتقاندا بارىمىز» دەپ كۈتۈپ تۇرۇشقان ئىدى، ھېچ ئاۋاز چىقمىغاچقا خېلى ئۇزاق ۋاقىتتىن كېيىن يىغىلىپ كەلدى ۋە:

— بىز سەن نەرە تارتقان ۋاقىتتا بارىمىز دەپ تۇردۇق، لېكىن، ھېچ ئاۋاز چىقمىدىغۇ؟ — دېيىشتى.

— بۇ يەردە بىزنىڭ ئۇرۇغىمىزدىن بار ئىكەن، — دېدى يەھۇدا، — بىر ئوغلان كېلىپ ئۇچامنى سىلىدى، غەزىۋىم پەسىيىپ كېتىپ نەرە تارتالمىدىم.

ئۇلار ئىشەنمىدى.

— ئەي بۇرادەرلەر، بولغان ۋەقەنى ھەم بۇنيامىننىڭ زىندانغا تاشلانغىنىنى بېرىپ ئاتامغا ئېيتىڭلار، تاكى ئاتام ماڭا ئىجازەت بەرمىگىچە مەن بۇ يەردىن قىمىرلىمايمەن، — دېدى يەھۇدا. شۇنىڭ بىلەن يەھۇدا ئەشۇ يەردە تۇرۇپ قالدى. باشقىلىرى قايتىپ كېتىپ، يوللارنى بېسىپ، مەنزىللەردىن ئۆتۈپ، كەنئانغا يېتىپ كەلدى. ئۇلار بۇنيامىننىڭ يۈك - تاقىلىرىنى ئېچىپ بىر خەتنى تېپىۋالدى ۋە: «ئاتىمىزنىڭ ئالدىغا كىرىپ، مىسىر پادىشاھىنىڭ خېتىنى كۆرسەتسەك، بىزگە ئاچچىغلانماس» دېگەن غەرەز بىلەن ئۇ خەتنى ئېلىپ كىرىپ، ھەممىسى بىر-بىرلەپ ئاتىسى بىلەن كۆرۈشتى. ياقۇپ ئەلەيھىسسالام يەھۇدا بىلەن بۇنيامىننى سورىدى. ئۇلار خەتنى بېرىش بىلەن بىللە:

— ھەرقانداق ئىش بولسا، مۇشۇ خەتنىڭ ئىچىدە بار، يەھۇدا سىزدىن قورقۇپ مىسىردا تۇرۇپ قالدى، — دېدى.

ياقۇپ ئەلەيھىسسالامنىڭ كۆڭلى بەكمۇ پەرىشان بولدى ۋە:

— سىلەر دائىم مۇشۇنداق گەپ يالاپ، مېنى ئالداپ، داغ قىلىسىلەر، ئەمدى قىلمىغان شۇ ئىشلار قالغانمىدى؟ — دەپ باللىرىنى سېغىنىپ يىغلاشقا باشلىدى. كېيىن، ئۇ باشقا كارۋانلاردىنمۇ سۈرۈشتۈرۈپ باقتى، ئۇلارمۇ ۋەقەنى خەتتە يېزىلغانغا ئوخشاشلا مۇئەييەنلەشتۈردى. ياقۇپ ئەلەيھىسسالام:

— مېنىڭ ئوغلۇم ئوغۇرلۇق قىلمايتتى، نېمىشقا بۇنداق ئىشلار بولۇپ قالغاندۇ؟ — دەپ ئاھ ئۇرۇپ ھوشىدىن كەتتى. ئۇنىڭ ئاھ ئۇرغان ئاۋازىنى ئاڭلىغان پۈتۈن كەنئانلىقلار يىغىلىپ كېلىپ:

— يەنە نېمە بولدى، ئەي خۇدانىڭ پەيغەمبىرى، نېمىشقا پەرىشان بولۇپ ئاھ ئۇرىسىز؟ — دەپ سوراشتى.

— مەن نېمىشقا پەرىشان بولماي، — دېدى ياقۇپ ئەلەيھىسسالام، — ئىككى ئوغلۇم يىراقلا يوقالغان تۇرسا! بىر يۈسۈپنىڭ غېمى مېنى نېمە كۈنگە سالمىغان؟ ئەمدى ئۈچىنىڭ ئوتى ۋە غېمى نېمە كۈننى كۆرسىتەر؟

تەپسىردە كەلتۈرۈلۈشىچە، ياقۇپ ئەلەيھىسسالام ئاللاتائالاغا مۇناجات قىلىپ: «ئىلاھا، ماڭا نېمىشقا شۇنچىۋالا غەم-قايغۇ بەردىڭ؟» — دېدى. شۇھامان ئاللاتائالادىن: «بىر ۋاقىتتا سەن ياخشى تائام قىلىپ يېدىڭ، ھەمسايىلىرىڭ ئۈمۈنۈپ قالدى، لېكىن، سەن ئۇلارغا بەرمىدىڭ، شۇنىڭ مۇكاپاتى ئۈچۈن ساڭا ئەشۇنچىۋالا دەرد-غەم كەلدى» دەپ خىتاب بولدى. ياقۇپ ئەلەيھىسسالام: «ئىلاھا، بىلمەپتىمەن، بۇندىن كېيىن ئۇنداق قىلمايمەن» دەپ تەۋبە قىلدى. شۇندىن تارتىپ تائامنى يالغۇز يېمىدى، ئاللاتائالا رەھىم قىلدى، دېيىلىپتۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ياقۇپ ئەلەيھىسسالام: «سىۋرە قىلىش ياخشى ئىش، بىرى يوق دېسەم يەنە ئىككىنى يېنىغا تارتتى، پات پۇرسەتتە ئاللا- تائالا ئۈچىلىسىنى ماڭا يەتكۈزۈپ بەرگەي» دېدى ۋە ئوغۇللىرىغا قاراپ:

— بېرىڭلار ئوغۇللىرىم، ئۇلارنى ئىزدەڭلار، - دېدى.

— يۈسۈپكە 40 يىل بولغان تۇرسا، ئۇنى نەدىن تاپىمىز،- دېيىشتى ئوغۇللار.

— ئۇنداق بولسا، خۇداغا شۈكرى، سىلەردىن مەن ياخشى- راق ئىكەنمەن، مەن ھەممە ئوغۇللىرىمنى مىسىردىن تاپىمەن، - دېدى ۋە ئاخىر مىسىر پادىشاھىغا خەت ئەۋەتمەكچى بولۇپ مەسلىھەت قىلدى. خەتنىڭ مەزمۇنى مۇنداق ئىدى:

«بىسمىللاھىررەھمانىررەھىم،

ئەي ئادىنىڭ ئوغلى، شەدداتنىڭ نەۋرىسى پادىشاھى مىسىر، سىزگە نامە شۇكى، مەنكى ياقۇپ ئىسرائىلىللا، ئىبنى ئىبراھىم خېلىلىللادۇرمەن، بىلىڭ ۋە ئاگاھ بولۇڭكى، بوۋام ئىبراھىم خېلىلۇللا نەمرۇدنىڭ ئوتىغا سەۋرى قىلدى، كويمەي خېلىلىللا دەپ نام ئالدى، بىز ئەنە شۇنداق بالالارنىڭ قازىنىدا قايناپ پىشقانلارمىز، مەنمۇ 40 يىلدىن بۇيان بىر بالامنىڭ پىراقىدا يىغلاپ، كوزۇمدىن ئايرىلدىم، قەددىم يادەك ئىگىلىپ، چىرايىم زەپىرەڭدەك سارغايدى. كۈلبەئى ئەھزان① دا ئول- تۇرماقتىمەن، سۈبھىدىن شامغىچە توختىماي بىتاقەتلىك قىلار ئىدىم، بىركۈنى جەبرائىل ئەلەيھىسسالام كېلىپ مەنى قىلىپ ئېيتتىكى: «يۈسۈپنىڭ نامىنى ئېغىزغا ئالمىغىن، ئاللاتائالا ساڭايۈسۈپ دې- مەكنى ھارام قىلدى، ئەگەر يۈسۈپنى ئېغىزغا ئالساڭ، پەيغەم-

①كۈلبەئى ئەھزان - غەم - قايغۇ ئۆيى دېگەن سۆز - م

بەرلىك دىۋان ① دىن نامىڭ ئۆچەر» دىدى. شۇندىن كېيىن دىمىمنى ئىچىمگە يۇتۇپ، يۇسۇپنىڭ ئىسمىنى ئېيتالماي يۈرگەن ئىدىم. ناگاھ بىر كېچىسى ئۇ يۇسۇپ دىگەن ئوغلۇمنى چۈشۈمدە كورۇپ، «قەيەردە ئىدىڭ» دەپ سورىغىنىمدا، جەبرائىل ئەلەيھىسسالام كېلىپ، ئۇنىمۇ مەنئى قىلدى،قورقۇپ تۇرۇپ تۇۋە قىلىپ خالاس بولدۇم. ئەمدى يەنە ئاللاتائالادىن «ئەمدى يۇسۇپنى ياد قىلساڭ بولۇر» دەپ خىتاب بولدى. سىز بولسىڭىز مۇنچە غەم-ئەندىشە ئۈستىمگە جاراھىتىمگە تۇز سېپىپ، بۇنيامىن دىگەن ئوغلۇمنى ئوغرى دەپ تۇتۇپسىز، بىزنىڭ ئۇرۇغىمىزدىن ئوغرىلىق چىقماس، بىلمىدىم، نېچۈك ھىيلە بىلەن تۇتتىڭىزكىن؟ مېنىڭ پەرزەنت ئەرچىمەندىم②گە ئوغرى دەپ نام قويۇپسىز، بىز ئۇنداق خانىداندىن ئەمەسمىز، سىز ئوغلانلىرىمغا ئەۋۋەل كوپ ياخشىلىق قىلىپ، ئاخىرى ئەنە شۇنداق ئىش بىلەن يۈرەك باغرىمنى جاراھەت قىلدىڭىز.

ئەي پادىشاھ! بۇ نامە يېتىپ بارغان ھامان مېنىڭ پەرزەنتلىرىمنى ئەۋەتكەيسىز، مەن زەئىپ ۋە بىر قايغۇلۇق بىچارىمەن. ساقىلىم ئاقاردى، ئىلىپتەك قەددىم يادەك ئىگىلدى، چىراقدەك كوزۇم قارىدەك ئاقاردى، ئەمدى ماڭا رەھىم قىلىپ، ئۇ كوزۇمنىڭ كورەرى، ئىلىكىمنىڭ تۇتارى، كوڭلۇمنىڭ ئارامى، تىزىمنىڭ مادارى پەرزەنتلىرىمنى ئەۋەتىپ، بېرىشىڭىز كېرەك. مەن ياخشى دۇئا قىلام بۇ جاھاندا ياخشىلىق كورەرسىز،

① دىۋان - دەپتەر.

② ئەرچىمەندىم - گۆزىلىم - چىرايلىغىم - سۆيۈملۈكۈم دىگەن سۆز - م.

ئاخىرەتتە ئازاپتىن ئازات بولارسىز، بىز پىراقكەشلەر - دىنبىز، بىزنىڭ دۇئايىمىز زايا بولماس، ئەگەر ئوغلانلىرىمنى ئەۋەتمىسىڭىز، سەھەرلەردە دۇئا ئوقىنى ئاتارمەن، لاۋى - لەشكەرلىرىڭىز بىلەن زايە بولۇپ كېتىمىز. يەنە تېخى ئوغلۇم يۇسۇپنىڭ خەۋىرىنى پات - پۇرسەتتە ئەۋەتكەيسىز، خۇدايىتائالا مەقسىدىڭىزگە يەتكۈزگەي. توھپە تەرىقىسىدە بىرپارەمىشىك ۋە بىر دانە ئۈزۈك ئەۋەتتىم قوبۇل قىلغايسىز ۋە تەۋەرۈك قىلىپ ساقلىغايسىز.

مېنىڭ ھاجەتلىرىمنى تامامەن راۋا قىلغايسىز، نامە تامام ۋەسسالام».

ياقۇپ ئەلەيھىسسالام بۇ خەتنى روبىلغا بەردى. روبىل مىسىرغا راۋان بولدى ۋە يوللارنى بېسىپ ئۆتۈپ، يۇسۇپ ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا بىرىپ خەتنى ئۆز قولىغا بەردى.

*

يۇسۇپ ئەلەيھىسسالام ئاتىسىنىڭ ئەۋەتكەن خېتىنى كۆرۈپ 3 كۈن يىغلىدى، ئۇندىن كېيىن، خەتنىڭ جاۋابىنى يېزىپ ئەۋەتتى. جاۋاپ خەتنىڭ مەزمۇنى مۇنداق ئىدى:

«ھەزرىتى ئىسھاق نەبىيۇللانىڭ ئوغلى ياقۇپ ئىسرائىللاغا. پادىشاھى مىسىردىن سۆز بۇكى، ئەي تېنى زەئىپ ۋە كۆزى كۆرمەس بولۇپ قالغان ياشانغان كىشى، سىز ماڭا ئۇلۇغ ئاتام ئىبراھىم خەلىلۇللا نەمرۇدنىڭ ئوتىغا سەۋرى -تاقەت قىلىپ خەلىلۇللا ئاتالدى، قېرىندىشىم ئىسمائىل ھەق رىزاسى ئۈچۈن قويدەك بوغۇزلىنىشقا رىزالىق بېرىپ، زەبىھۇللا ئاتالدى دەپسىز ۋە يەنە مەنمۇ پەرزەنت پىراقىغا مۇپتىلادۇرمەن،

ئوغلۇمنى ئەۋەتمىسەڭ دۇئا ئوقىمنى ئاتىمەن دەپسىز. بۇ سۆز-
لىرىڭىزنىڭ جاۋابى بۇكى، ئاتىلىرىڭىز بالاغا نېچۈك سەۋرى-
تاقەت قىلغان بولسا، سىز ھەم شۇنداق سەۋرى قىلغايسىز، ئۇلار
قانداق نىجات تاپقان بولسا، سىزمۇ شۇنداق نىجات تاپقايسىز.
پەيغەمبەرلەرگە سەۋرى قىلماق مىراستۇر، زىنھار بىزگە دۇئايى
بەد قىلمىغايسىز، كۆڭلۈڭىزدىكى ئوغلىڭىز تىرىك پۇرسەتتە سىز بىلەن
دىدار كۆرۈشۈپ قالسا ئەجەب ئەمەس.»

يۇسۇپ ئەلەيھىسسالام بۇ خەتنى تاماملاپ ئەۋەتتى. بۇ
خەت ياقۇپ ئەلەيھىسسالامغا تەگدى. خەت مەزمۇنىنى بىلگەن-
دىن كېيىن ياقۇپ ئەلەيھىسسالام: «بۇ خەت غەيرىدىن ئەمەس،
بەلكى پەيغەمبەرلەر ۋە سىددىقلارنىڭ خەتلىرىدىندۇر، بۇ خەت
يۇسۇپنىڭ خېتى بولۇپ قالمىغاي» دەپ ئۈمىدۋار بولۇپ قالدى.
بۇ ۋاقىتتا ياقۇپ ئەلەيھىسسالامنى ئۇيقۇ باستى. ئۇ، ئۇخلاپ
بىر چۈش كۆردى، چۈشىدە ئۇ ئەزرائىل ئەلەيھىسسالامدىن سو-
رىدى: «ئەي ئەجەل پەرىشتىسى، يۇسۇپنىڭ جېنىنى ئالدىڭىز-
مۇ؟» «ئالمىدىم، يېقىن پۇرسەتتە ئۇ سىزگە قوشۇلىدۇ» دەپ
جاۋاپ بەردى ئەزرائىل. ياقۇپ ئەلەيھىسسالام ئويغۇنۇپ، بەكمۇ
بىتاقەت بولۇپ يىغلىدى، شۇئان جەبرائىل ئەلەيھىسسالام كېلىپ:
«ئەي ياقۇپ، يۇسۇپ ئۈچۈن كۆپ پەرىشان بولمىغىن، تىز
پۇرسەتتە ئاللاتائالا پەرزەنتىڭنى ساڭا قوشقاي، سەن مىسىرغا
بارىسەن ۋە ئوغلۇڭنى تاپىسەن» دېدى. ئادەم ئەلەيھىسسالام
300 يىل يىغلىغان بولسىمۇ نىمە ئۈچۈن كۆزى كورمەس بول-
مىدى، ياقۇپ ئەلەيھىسسالام قىرىق يىل يىغلىسا نىمە ئۈچۈن
كۆزى كورمەس بولۇپ قالىدۇ؟ بۇنىڭ جاۋابى شۇكى، ئادەم ئەلەي-

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىغىپ ئادرېسى

ھىسسالام ئاللاتائالادىن قورقۇپ يىغلىدى، ئەمما ياقۇپ ئەلەيھىسسالام ئوغۇللىرى ئۈچۈن يىغلىدى، شۇڭا كۆزى كۆرمەس بولۇپ قالدى.

ھېكايەتتە كەلتۈرۈلۈشىچە، داۋۇت ئەلەيھىسسالام 40 يىل يىغلىدى، ئۇنىڭ كۆز يېشى بىلەن ئۇنىڭ ئەتراپىدىن 40 قەدەم جايغىچە گىيا ئۈنۈپ، ئۇ گىيالارنىڭ ئارىسىدا داۋۇت ئەلەيھىسسالام كۆرۈنمەي قالدى. بىر كۈنى ھاۋادىن بىر قۇش كېلىپ ئۇنىڭ كۆز يېشىدىن ئىچتى ۋە: «ئەجەپ تەملىك سۇ ئىكەن» دېدى. بۇنى ئاڭلىغان داۋۇت ئەلەيھىسسالام: «ماڭا قۇشلارمۇ تەنە قىلىۋاتىدۇ» دەپ ئاغرىنىپ تېخىمۇ قاتتىق يىغلاپ كەتتى. شۇئان ئاللاتائالادىن: «ئەي داۋۇت، ئۇ جانىۋارلار راست ئېيتىدۇ، گۇناھى ئۈچۈن يىغلىغانلارنىڭ يېشى شېرىن بولىدۇ» دەپ خىتاپ كەلدى. ئۇ سۆزدىن داۋۇت ئەلەيھىسسالامنىڭ كۆڭلى خۇش بولدى، دېيىلىپتۇ.

شۇڭا، ھەر مۇشەققەتنىڭ ئاخىرى راھەتتۇر، ھەر غەمنىڭ ئاخىرى شاتلىقتۇر.

يۇسۇپ ئەلەيھىسسالام ئاكىلىرى بىلەن تېپىشقاندىن كېيىن، بىر كۈنى ئاكىلىرى: «بۇ پادىشاھلىقنى نېمىدىن تاپتىڭىز؟» دەپ سورىغاندا، يۇسۇپ ئەلەيھىسسالام: «پادىشاھلىقنى قۇللۇقتىن، ئېزىزلىقنى خارلىقتىن تاپتىم» دەپ جاۋاپ بەرگەن ئىدى. ھەر كىم ئۆزىنى گۇناھدىن ساقلىسا، ئاللاتائالادىن قورقسا، بالاغا سەۋرى قىلسا، ھەرقانداق ئىشى ئاسان ۋە رىزقى پاراۋان بولغاي.

يۇسۇپ ئەلەيھىسسالام يەنە: «ئاللاتائالانىڭ بالاسىغا سەۋرى قىلدىم، ھەمرىنىڭ خوتۇنلىرىدىن ئۆزەمنى ساقلىدىم، ئۇنىڭ بەركىتىدىن پادىشاھلىققا يەتتىم» دېگەن ئىدى.

*

شۇنداق قىلىپ يۈسۈپ ئەلەيھىسسالام ئاتىسىغا خەت ئەۋەتتى. ئاتىسى مەزمۇنىدىن ۋاقىپ بولۇپ، ئۈمىدۋارلىق بىلەن ئوغۇللىرىغا:

— سىلەر مىسىرغا بېرىپ، يۈسۈپ بىلەن بۇنيامىننى ئىزدەڭلار، — دېدى.

— ئەي ئاتا، — دېيىشتى ئوغۇللىرى، — بۆرە يېگەن يۈسۈپنى نەدىن تاپىمىز؟

— ئاللاتائالانىڭ مەرھەمىتىدىن نائۈمىت بولماڭلار، نائۈمىدلەر كاپىرلاردۇر، — دېدى ياقۇپ ئەلەيھىسسالام.

*

ئوغۇللار مىسىرغا باردى. يۈسۈپ ئەلەيھىسسالام ئۇلارنىڭ كەلگەنلىكىدىن خەۋەر تېپىپ: «بۇ يەرگە ئېلىپ كېلىڭلار» دەپ بۇيرىدى، ئۇلارنى ئېلىپ كېلىشتى، ئۇلارنىڭ ھەر بىرىسىنى بىردىن كۆرسىغا ئولتۇرغۇزدى. ئۇلار بۇ نۆۋەت كەلگەندە بىر تاغار ئاشلىقنى 4 مەغرىپ ئالتۇنغا ئالاتتى، ئاكىلىرى ئېلىپ كەلگەن نەرسىلەر قىممىتى تۆۋەن نەرسىلەر ئىدى.

— ئەي ئېزىز، بىز ھەم ئوغۇل-قىزلىرىمىز ئېغىر ئەھۋالدا قالدۇق، غەزىنىگە مۇناسىپ بىر نەرسە ئېلىپ كېلەلمىدۇق، ئەرزىمەس نەرسىلەر بولسىمۇ ئېلىپ بۇغداي بەرسىڭىز، ياشىنىپ قالغان ۋە زەئىپ بىر ئاتىمىز بار، بىزگە رەھىم قىلمىسىڭىزمۇ ئەشۇ ئاتىمىزغا رەھىم قىلسىڭىز، — دېيىشتى.

— سىلەر نېمە ئىشلارنى قىلدىڭلار، بىلەمسىلەر؟ سىلەر ئۇكاڭلار يۈسۈپكە قانداق قىلدىڭلار؟ ئۇ چاغدىغۇ نادان ئىدىڭلار، ھازىرمۇ ئۇكاڭلار بۇنيامىنغا نېمە ئىش قىلىۋاتىسىلەر؟

يۇسۇپ ئەلەيھىسسالامغا ئاكىلىرىنىڭ ئۆزىگە قىلغان ئىشلىرى ئايان ئىدى. ئۇلار بۇنيامىننىمۇ خارلايتتى ۋە ئېتىۋارسىز قارايتتى. شۇ دەرىجىدە ئىدىكى، بۇنيامىن ئۇلارغا سۆزلىسە ئاجىزلىق بىلەن يالۋۇرغان ھالەتتىلا سۆزلىيەلەيتتى. يۇسۇپ ئەلەيھىسسالام ئاكىلىرىغا يۇقۇرقىدەك ئېيتقان بولسىمۇ، ئاچچىقلىنىپ ۋە كايىپ تۇرۇپ ئەمەس، بەلكى، ئارزۇ ۋە نەسىھەت تەلەپپۇزىدا سۆزلىدى. ئۇ، سۆزلەۋېتىپ بېشىدىن تاجىنى ۋە يۈزىدىن نىقابىنى ئالدى، ھەممىسى قاراشتى، ئاكىلىرىنىڭ كۆزى يۇسۇپ ئەلەيھىسسالامغا چۈشتى ۋە ھەممىسى بىر ئېغىزدىن:

— ئەي پادىشاھ، سىز ئەجەپ يۇسۇپكە ئوخشايدىكەنسىزغۇ؟ — دېيىشتى.

— شۇنداق، مەن يۇسۇپ بولىمەن، بۇنيامىن مېنىڭ ئۇكام بولىدۇ، — دېدى يۇسۇپ ئەلەيھىسسالام ۋە ئورنىدىن تۇرۇپ ھەممەيلەنگە سالام قىلدى.

يۇسۇپ ئەلەيھىسسالام بۇنيامىننى زىندانغا تاشلاشقا ھۆكۈم قىلغان ھېلىقى كۈنى ئۇنى ئاكىلىرىنىڭ كۆز ئالدىدا زىندانغا ئەۋەتىپ، ئاكىلىرى كەتكەندىن كېيىن زىنداندىن چىقىرىپ ئۆز يېنىدا ئولتۇرغۇزغان ئىدى. يۇسۇپ ئەلەيھىسسالام يۈزىدىن نىقابىنى ئالغاندىن كېيىن، ئاكىلىرى تونۇپ خىجالەتتىن باشلىرىنى تۆۋەن سالغان ھالدا:

— ئەي يۇسۇپ، بىزنىڭ بۇرۇنقى گۇناھىمىزنى كەچۈرگەيسىز، سىزگە ئاللاتائالا مۇنداق مەرتىۋە ئاتا قىپتۇ، سىزنى بىزدىن ئېزىز قىپتۇ، بىز خاتا قىلغۇچىلاردىنمىز، — دېيىشتى ۋە يېنىشلاپ ئۆزرە ئېيتقاچ ھەممىسى يىغلىشىپ تۇرۇپ يۇسۇپ ئەلەيھىسسالام بىلەن كۆرۈشتى.



ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

— ئەي ئاكىلىرىم، مېنىڭ سىلەرگە يامانلىقىم يوق. ئاللاتائالا سىلەرنى مەغپىرەت قىلغاي، — دېدى يۈسۈپ ئەلەيھىسسالام، — مەن سىلەر توغرۇلۇق ھېچ كىشىگە شىكايەت قىلمىدىم، بۇندىن كېيىنمۇ قىلمايمەن، ھەق تائالادىن سىلەرنىڭ گۇناھىڭلارنى تىلەيمەن، ئاللاتائالا رەھىملىكتۇر.

— ئەي ئىزىز! بىز سىزنىڭ ئالدىڭىزدا شەرمەندىمىز، سىزنىڭ يۈزىڭىزگە قارىيالمايمىز، — دېيىشتى ئاكىلىرى. يۈسۈپ ئەلەيھىسسالام:

— ئۇنداق ئىشلار مېنىڭ كۆڭلۈمدە يوق، مانا شۇنداق ئالىي دەرىجىگە يەتتىم، قۇدۇققا چۈشكەن بولسام مانا تەختكە چىقتىم، زىندانغا چۈشكەن بولسام مانا پادىشاھلىق تاپتىم. ئەل ئىشلىرىنىڭ زىيانلىرىدىن خالاس بولۇپ، خارلىقنىڭ بەدىلىگە خۇشلۇققا يېتىشتىم، — دەپ ئاكىلىرىنى خىجالەتچىلىكتىن چىقاردى ۋە ھەممىسىگە شاھانە سەرۇپايلار كەيگۈزدى. ئۆتكەندە ئۆزىگە ئاكىلىرى ئاھانەت قىلىشقان ئىدى، ئەمدى ئۆزى ئاكىلىرىغا ئىززەت قىلدى.

— بىزدىن بىرەيلەننى ئەۋەتسىڭىز، بۇ خۇشخەۋەرنى بېرىپ ئاتىمىزغا يەتكۈزسە، — دېدى يەھۇدا.

— ئۇنداق بولسا، — دېدى يۈسۈپ ئەلەيھىسسالام، — مېنىڭ بىر كۆينىكىمنى ئالغاچ بارسۇن! ئاتامغا خۇشخەۋەر بولسۇن! ئاتام ئۇنى كۆزلىرىگە سۈرسە كۆزلىرى ئېچىلغاي. يەنە سىلەر ھەممە ئەھلى - ئاياللىرىڭلارنى ئېلىپ كېلىڭلار.

— ئىلگىرى قانلىق كۆينەكنى ئاتامغا مەن ئاپىرىپ، داغى بالا بىلەن كۆڭلىنى غەش قىلغان كىشى مەن ئىدىم. ھېلىمۇ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

بۇ كېيىنكىنى ئاپىرىپ، ئاتامنى خۇشال - خۇرام قىلىپ، غۇنچىدەك تۈگۈلگەن كۆڭلىنى گۈلدەك ئېچىلدۇرۇپ، پاختىدەك ئاقارغان كۆزلىرىنى چىراغدەك روشەن قىلاي، زەپىرەڭدەك يۈزلىرىنى ماھى تاباندەك نۇرانە قىلاي مېنىڭ ئىشىمدۇر، بۇ ئىشىم ئىلگىرىكى شەرمەندىلىكىمنىڭ كاپارىتى بولغاي، ئەشۇ كۈندىكى شەرمەندىلىك ۋە خىجالەتچىلىكتىن بۈگۈنكى كۆڭۈلۈكتىكى پاراغەت تۈپەيلى خالاس بولۇپ كېتەرمەن، - دېدى يەھۇدا ۋە تەييار بولۇپ، كېچە - كۈندۈز تېز مېڭىپ، خۇشال ھالدا كەنئانغا يۈرۈپ كەتتى.

*

ياقۇپ ئەلەيھىسسالامنىڭ جىگەر پارىسى بولغان مېھرىۋان ئوغلىدىن جۇدا بولۇشىنىڭ سەۋەبى نېمە ئىدى؟

ياقۇپ ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇبەششىرە دېگەن بىر قۇلى بار ئىدى. ئۇنىڭ بەشىرە ئىسىملىك بىر ئوغلى بار ئىدى. ئۇنىڭ كۆزلىرى چېقىر، چېچىلىرى ئەگرى - بۈگرى (تاماق) ئىدى. ئۇ، يۇسۇپ ئەلەيھىسسالام بىلەن بىللە مەكتەپكە باراتتى. بىر كۈنى ئۇ، يۇسۇپ ئەلەيھىسسالامنى بىر شاپىلاق ئۇردى، ياقۇپ ئەلەيھىسسالام بۇ ئەھۋالنى بىلىپ قېلىپ، ئۇنى سېتىۋېتىشكە نىيەت قىلدى. يەنە بىر رىۋايەتتە، ياقۇپ ئەلەيھىسسالام مۇبەششىرنى ھەمرا قىلىپ مەكتەپ ئىشىگى ئالدىدىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ، قولىدىكى بىر ئالمىنى مۇبەششىرگە بەردى ۋە:

— بۇ ئالمىنى ئېلىپ كىرىپ مەكتەپ ئىچىدىكى بالىلاردىن كىم چىرايلىق بولسا، شۇنىڭغا بەرگىن، - دېدى.

مۇبەششىرە مەكتەپكە كىرىپ قارىسا، ئۆزىنىڭ ئوغلى

بەشىرە ھەممىدىن چىرايلىق كورۈندى، ئالمىنى ئۆز ئوغلىغا بەردى. شۇ چاغدا يۈسۈپ ئەلەيھىسسالام مەكتەپتىن يۈگۈرۈپ چىقىپ:

— ئاتا ماڭىمۇ ئالما بېرىڭ، دىگەن ئىدى، ياقۇپ ئەلەيھىسسالام:

— مۇبەششىرەدىن كىرگۈزدۈم.

— ئۇ، ئۆزىنىڭ ئوغلىغا بەردى، - دىدى يۈسۈپ ئەلەيھىسسالام.

ياقۇپ ئەلەيھىسسالام مۇبەششىرەدىن: «مەن ساڭا ئالمىنى نىمە، دەپ بەرگەن؟» - دەپ سورىغان ئىدى، مۇبەششىرە:

— مەكتەپتە كىم چىرايلىق بولسا، شۇنىڭغا بەرگىن دىگەن ئىدىڭىز، قارىسام كوزۈمگە ھەممىدىن ئوغلۇم چىرايلىق كورۈنگەن ئىدى، شۇڭا ئۇنىڭغا بەردىم، - دىدى.

شۇندىن كېيىن ياقۇپ ئەلەيھىسسالام بەشىرىنى سېتىش نىيىتىگە كەلدى ۋە شۇنداق قىلىپ بەشىرىنى ساتتى. مۇبەششىرە يىغلاپ تۇرۇپ: «ئىلاھا، ياقۇپنىڭ ئوغلى يۈسۈپنى سەن ياراتقان، يۈسۈپنىڭ سەۋەبىدىن بەشىرىنى ساتتى، مېنى دەرت ۋە پىراقتا قويدى، ئۇنىڭمۇ پەرزەنتىنى ساتتۇرۇپ، ئۇنىمۇ پىراقتا قويغايسەن» دەپ دۇئا قىلدى، ئۇنىڭ دۇئاسى ئىجاۋەت بولدى. يۈسۈپ ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاتىسىدىن ئايرىلىشىغا سەۋەپ بولغان ئىش مۇشۇ ئىدى.

*

ئېيتىلىشىچە، مۇبەششىرە ئوغلى بەشىرە ئۈچۈن تولا يىغلاپ كوزى كور بولدى. ئۆمرى قايغۇلۇق ئوتتى. يۈسۈپ

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

ئەلەيھىسسالام ئاكىلىرى بىلەن سالامەت تېپىشىپ، كۆرۈشۈپ، ئۇنىڭ ئىشلىرى پۈتۈن مىسىرخەلقىگە مەشھۇر بولغان ۋاقىتتا، بەشىرەنى ئالغان كىشى مىسىردا بار ئىدى. كېيىن خوجايىن ئۆلۈپ، بەشىرە خوجايىنلىق ئورنىغا چىقىپ قالدى. ئۇ، يۈسۈپ ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىشلىرىدىن ۋاقىپ بولۇپ، بۇ خوشاللىق خەۋەرنى ياقۇپ ئەلەيھىسسالامغا ئۆزى يەتكۈزۈپ، دۇئاسىنى ئالماقچى بولدى ۋە يەھۇدادىن تېزراق بېرىشقا ھەركەت قىلىپ كېتىپ باراتتى. بىر كۈنى مۇبەششىرە ياقۇپ ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا يىغلاپ كېلىپ، سالام بېرىپ تۇرۇپ:

— ئەي خۇدانىڭ پەيغەمبىرى، ئوغلۇم بىلەن تېپىشالارمەنمۇ؟ - دەپ سورىغان ئىدى.

ياقۇپ ئەلەيھىسسالام ئاللاتائالاغا مۇناجات قىلىپ: «ئىلاھا، بۇ بىچارە ئوغلى بىلەن قاچان تېپىشتاي» دەپ يىغلىغان، ھەق تائالادىن: «ئەي ياقۇپ، ئاۋال مۇبەششىرەنىڭ ئوغلىنى يەتكۈزۈپ بېرىپ، ئۇندىن كېيىن سېنىڭ ئوغلۇڭنى يەتكۈزىمەن» دەپ خىتاب بولغان ئىدى. ياقۇپ ئەلەيھىسسالام بۇ خەۋەرنى مۇبەششىرەگە ئېيتقان، مۇبەششىرە قايتىپ بېرىپ سۆيۈنۈپ ئولتۇرغان ئىدى.

بەشىرە يەھۇدادىن بىر كۈن بۇرۇن كېلىپ، مۇبەششىرە ئولتۇرغان يەرگە كەلدى ۋە سۇ سورىدى. مۇبەششىرە دەرھال سۇ بەردى ھەم «نەدىن كەلدىڭ؟» دەپ سورىدى.

— مىسىردىن كېلىۋاتىمەن، ياقۇپ ئەلەيھىسسالامنىڭ ئوغلى يۈسۈپنىڭ خەۋىرىنى ئېلىپ كەلدىم، - دېدى بەشىرە.

— بۇ سۆزۈڭ يالغان، ماڭا ياقۇپ ئەلەيھىسسالام: «سەن

ئوغلۇڭ بىلەن تېپىشمىغىچە، مەن ئوغلۇم يۈسۈپ بىلەن تېپىشال-مايمەن. دەپ خەۋەر بەرگەن، - دېدى مۇبەششىرە.

— سېنىڭ ئىسمىڭ نېمە؟ - سورىدى بەشىرە.

— مۇبەششىرە.

— ئوغلۇڭنىڭ ئىسمى نېمە؟

— بەشىرە.

بەشىرە بۇ سۆزنى ئاڭلاپ، ئۆزىنى توگىدىن تاشلىدى ۋە ئاتىسىنىڭ بويىنىنى قۇچاقلاپ:

— ئاھ ئاتا، سالامەت بار ئىكەنسىز، - دەپ يىغلىدى. ئاتا-بالا يىغلىشىپ ھۇشىدىن كېتىپ يەنە ھۇشىغا كەلدى، مۇبەششىرەنىڭ كوزى ئېچىلىپ ئوغلىنى كوردى.

مۇبەششىرە قول كوتىرىپ ئاللا تائالاغا: «ئىلاھا خۇداۋەندا، ئوغلۇمنى ماڭا قوشقاندەك، ياقۇپ ئەلەيھىسسالامغىمۇ ئوغلىنى قوشقايسەن، بۇ شادىمانلىق مېنىڭ كوزۇمنى روشەن قىلغاندەك، ياقۇپنىڭمۇ كوزىنى روشەن قىلغايسەن» دەپ مۇناجات قىلدى.

*

بۇ چاغدا يەھۇدا تېخى يېرىم يولدا كېلىۋاتاتتى. ياقۇپ ئەلەيھىسسالامنىڭ دىمىغىغا يۈسۈپ ئەلەيھىسسالامنىڭ خۇشبۇي ھىدى پۇرىدى. ئۇ ئوپچورىسىدىكىلەرگە:

— ئەي يارانلار! ھازىرماڭا يۈسۈپنىڭ ھىدى پۇراۋاتىدۇ، ئۇھىد دىمىغىمنى خۇشبۇي قىلىۋەتتى، - دېدى.

ياقۇپ ئەلەيھىسسالامنىڭ بەكمۇ خۇرسەنلىك ھېس قىلى-ۋاتقانلىقىنى كورگەن ئالدىدىكى قىزلىرى ۋە نەۋرىلىرى:

— تېخىچە بۇرۇنقى يۈسۈپنىڭ مۇھەببىتىنى ئىزھار قىلى-ۋاتىسىز، ئۇنى تېخى ئۇنۇتماپسىز، - دېيىشتى.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

شۇ ئەسنادا مۇبەششىرە بىلەن ئوغلى بەشىرە ئىككىسى ياقۇپ ئەلەيھىسسالامنىڭ ئالدىغا كىرىپ ھال سوراپ، كېيىن يۇسۇپ ئەلەيھىسسالامنىڭ خەۋىرىنى بەردى ۋە بەشىرە:

— مېنى ئاتامدىن ئايرىپ ساتقان ئىدىڭىز، شۇ چاققىچە مىسىردا ئىدىم، بۈگۈن ئاتام بىلەن دىدار كۆرۈشتۇم، يۇسۇپ ئەلەيھىسسالامنىڭ خەۋىرىنى يەتكۈزۈپ، دۇئا ئالاي دەپ كەلدىم، — دېدى.

ياقۇپ ئەلەيھىسسالام بۇ خۇشخەۋەرنى ئاڭلاپ كۆپ خۇرسەن بولدى ۋە يىغلاپ كەتتى. كېيىن ئۇلارغا قاراپ:

— نېمە تىلىكىڭلار بار، دۇئا قىلاي، — دېدى.

— جان بەرمىكىم ئاسان بولسۇن، گۆر قاراڭغۇلۇقىدىن ئەمىن بولاي، — دېدى بەشىرە.

ياقۇپ ئەلەيھىسسالام دۇئا قىلدى، تېخى دۇئا قىلىپ بولماي تۇرۇپلا، ئوغلى يەھۇدا يېتىپ كەلدى ۋە يۇسۇپ ئەلەيھىسسالام ئەۋەتكەن كۆينەكنى ئالدىدا قويدى.

ياقۇپ ئەلەيھىسسالام يۇسۇپ ئەلەيھىسسالامنىڭ خەۋىرىنى ئاڭلاپ، ھەددىدىن زىيادە خۇرسەن بولدى. ئۇنىڭدىن كېيىن كۆينەكنى ئېلىپ كۆزلىرىگە سۈرگەن ئىدى، ھەق سۇبھانى ۋە تائالا كۆزىگە رۇشەنلىك ئاتا قىلدى، كۆزلىرى ئېچىلىپ ھەممە ئەھلى بەيتى، باللىچاقا، نەۋرىلىرىگىچە كۆردى.

ياقۇپ ئەلەيھىسسالام يەھۇدادىن يۇسۇپ ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەھۋالىنى سورىدى. يەھۇدا بەكمۇ تەئرىپلەپ بايان قىلىپ بەردى. ياقۇپ ئەلەيھىسسالام خۇشاللىقىدىن تىرىسىگە سىغماي كەتتى. ئۇ كۈنى ناھايىتى خۇشال - خۇرام ئۆتتى.

يۈسۈپ ئەلەيھىسسالام كۆينىكىنى ئەۋەتىپ ئەتىسى ئاكىلىرىغا:

— سىلەرمۇ بېرىپ ئەھلى ئايال، بالا‑چاقىلىرىڭلارنى ئېلىپ كېلىڭلار، — دەپ رۇخسەت قىلغان ئىدى. ئۇلار يۈسۈپ ئەلەيھىسسالامنىڭ بۇقەدەر ياخشى مۇئامىلىسىگە بەكمۇ ئىخلاس قىلىشتى. يۈسۈپ ئەلەيھىسسالام بۇنيامىندىن سورىدى:

— كەنئاندىن كېلىدىغانلار قانچە كىشى؟

بىر راۋايەتتە چوڭ ‑ كىچىك 70 كىشى، يەنە بىر راۋايەتتە 400 كىشى ئىدى. يۈسۈپ ئەلەيھىسسالام سوۋغا ئۈچۈن كىشى بېشىغا 400 مىسقال ئالتۇن، 400 مىسقال كۈمۈش، 100 مىسقال مىشك، 100 مىسقال ئەنبەر، 100 مىسقال ئۇد بېرىپ يولغا سالدى. يۈك ‑ تاقلىرىنى توشۇشقا ھەددى ھېسابسىز توگە، ئات، قېچىر بەردى. بۇ نەرسىلەرنى بۇنيامىنغا تاپشۇرۇپ، بىر پارچە مەكتۇپ يازدى، مەزمۇنى مۇنداق ئىدى:

«ئەي ئاتا، خىزمەتلىرىڭگە ئۆزۈم باراي دېگەن ئىدىم، پەرمانى ئىلاھى بويىچە ئۆزلىرى بىزگە مېھمان بولۇپ كەلگەيلا. سوۋغا قىلىپ بىر بولۇك نەرسىلەرنى ئەۋەتتىم، كېرەك بولغاندا سەرپ ‑ خىراجەت قىلىپ، يول جابدۇغى ۋە سەرۇپالار قىلىپ كەلگەيلا. ئىنشائاللا بىز ياخشى ئىستىقبال قىلىپ زىيارەتلىرىڭگە ھازىرلىق قىلۇرمىز».

بۇنيامىننى كارۋان بېشى قىلىپ، ئاكىلىرىنى كەنئانغا يولغا سالدى. ئاكىلىرى كەنئانغا يېتىپ كېلىپ ئاتىسىغا:

— ئەي ئاتا، بىز يامانلىق قىلغۇچى بولۇپ قالدۇق، ئاللاتائالادىن بىزنىڭ گۇناھىمىزنىڭ مەغپىرەتلىكىنى تىلىسىڭىز، خۇدايىم گۇناھىمىزدىن ئۆتسە، دېيىشتى.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

— گۇناھىڭلارنى پەرۋەردىگارىمدىن تىلەيمەن، — دېدى ياقۇپ ئەلەيھىسسالام، — لېكىن شۇ ھامان تىلىمىدى. ئىزلارنى قايتۇرۇۋەتتى. ئۇلار يۇسۇپ ئەلەيھىسسالامغا ئۇزرە قويغاندا، شۇ ھامان كەچۈرگەن ئىدى، چۈنكى، يۇسۇپ ئەلەيھىسسالام ياش ئىدى، ياش كىشىنىڭ كۆڭلى كەڭ بولىدۇ، ياقۇپ ئەلەيھىسسالام قېرى ئىدى، قېرى كىشىنىڭ كۆڭلى تارراق بولىدۇ. بەزىلەرنىڭ ئېيتىشىچە، سەھەر ۋاقتىدا دۇئا ئىجاۋەت بولىدۇ دەپ، ياقۇپ ئەلەيھىسسالام سەھەردە دۇئا قىلماقچى بولغان ئىكەن. ياقۇپ ئەلەيھىسسالام يۇسۇپ ئەلەيھىسسالامنىڭ خەۋىرىنى ئاڭلىغان چاغدا، شۈكرانە ئۈچۈن نامىز ئوقۇدى ۋە بارلىق نەۋرە - چەۋرىلەرنى يىغىپ ھەممىسىگە كەلگەن ھەدىيە - توھپىلەرنى ئۈلەشتۈرۈپ بەردى. شۇندىن كېيىن ھەممەيلەن سەپەرگە چىقىشىنىڭ كويىدا بولدى ۋە ئۇزىلىرىگە كېرەكلىك زىبۇ - زىننەت ئەسۋاپلىرى، سەرۇپا ۋە باشقا لازىمەتلىكلەرنى تەييارلاپ، مىسىرغا قاراپ راۋان بولدى. روبىلنى ئىزلىرىدىن بۇرۇنراق خەۋەر قىلىشقا ئەۋەتتى. روبىل بېرىپ يۇسۇپ ئەلەيھىسسالامغا خۇشخەۋەر يەتكۈزدى.

*

يۇسۇپ ئەلەيھىسسالام مىسىرنىڭ بارلىق ئەمىر - ئۆمەرا، ۋەزىر - ۋۇزرا، ئالىم - ئۆلىما، پازىل - پۇزۇلا، ئاكابىر - ئەشرەپ، قازى - مۇپتىلىرىنى: «ھەممىڭلار چىرايلىق كېيىنىپ - جابدۇنۇپ، كەنئان يولىغا چىقىڭلار» دەپ بۇيرىدى.

ئۇلارنىڭ ھەممىسى توپ - توپ، گورۇھ - گورۇھ، جامائە - جامائە بولۇشۇپ كەنئان يولىغا - ياقۇپ ئەلەيھىسسالامنىڭ

ئىستىقبالىغا چىقتى. ياقۇپ ئەلەيھىسسالام دەسلەپكى جاھانگە يېتىپ كەلگەندە، 4 مىڭ كىشى چىققانلىغىنى چاغلىدى.

يۈسۈپۈم بۇلارنىڭ قىيتىدا بارمۇ؟ - دەپ سورىدى ياقۇپ ئەلەيھىسسالام بۇنيامىندىن.

— بۇلار يۈسۈپ ئاكامنىڭ سىپاھىلىرى، - دەپ جاۋاپ بەردى بۇنيامىن ئۇلارنىڭ ھەممىسى پىيادە بولۇشۇپ، ھۆرمەت تازىمى بىجا كەلتۈردى.

يەنە جاھازلانغان 4 مىڭ توگە كەلدى، ھەر بىر توگىدە ئىككىدىن كېنىزەك ئولتۇرغان ئىدى.

— بۇلار كىم؟ - سورىدى ياقۇپ ئەلەيھىسسالام.

— بۇلار يۈسۈپ ئاكامنىڭ كېنىزەكلىرى، - جاۋاپ بەردى بۇنيامىن.

يەنە 10 قارا ئەلەملىك 10 مىڭ كىشى كېلىپ، ياقۇپ ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۈزەڭگىسىنى بۇسە① قىلدى. «بۇلار كىملەر؟» - دەپ سورىغان ئىدى، بۇنيامىن:

— بۇلار يۈسۈپ ئاكامنىڭ ئوردا سارىيىدا كېچە - كۈندۈز خىزمىتىدە بولىۋاتقان قۇللىرىدۇر، - دەپ جاۋاپ بەردى.

ئۇنىڭدىن كېيىن 4 مىڭ ئاق تونلۇق، ئاق دەستارلىق (سەللىلىك) ئاق ئاتلىقلار كەلدى. ياقۇپ ئەلەيھىسسالام سورىسىغان ئىدى، بۇنيامىن:

— بۇلار يۈسۈپ ئاكام سىزدىن ئۆز گۇناھىنى تىلىگىلى ئەۋەتكەن ئۆلىما ۋە ئاكابىر - ئەشراپلەر، - دەپ جاۋاپ بەردى.

---

① بۇسە - سۆيدى دىگەن مەنىدە - م

— مەندىن قايسى گۇناھىنى تىلەيدىكەن؟ — سورىدى ياقۇپ ئەلەيھىسسالام.

— ئەي ئاتا، ئاكام يۈسۈپكە كورگەن چۈشۈڭنى ئاكىلىرىڭغا ئېيتمىغىن، دېگەن ئىكەنسىز، سىزنىڭ نەسىھىتىڭىزنى ئاڭلىماي، ئاقىۋەتتە ھەسرەتلىك، ئەلەملىك، قاتتىق ئېغىرچىلىق ۋە نادامەتكە قالغان، شۇ چۈشنى ئاكىلىرىغا ئېيتقان گۇناھىنى تىلەيدىكەن، — دېدى بۇنيامىن.

ياقۇپ ئەلەيھىسسالام دەرھال ئۇنى ئەپۇ قىلدى، ئۇندىن كېيىن مېڭىپ بېرىپ، 18 مىڭ زىيارەتچى بىلەن كېلىۋاتقان يۈسۈپ ئەلەيھىسسالامغا قاراپ سورىدى:

— بۇلار كىملەر؟

— يۈسۈپ ئاكام ئوزىنىڭ خاس لەشكەرلىرى بىلەن كەپتۇ، — دېدى بۇنيامىن بەكمۇ خۇشاللىق بىلەن.

ياقۇپ ئەلەيھىسسالام توگىدىن چۈشۈپ، يۈسۈپكە قاراپ ماڭدى. ئەمما يۈسۈپ ئەلەيھىسسالام خۇددى شاھانىدەك ئۇچقۇر بىر ئاتقا مىنىپ كېلىۋاتاتتى. شۇ چاغدا جەبرائىل ئەلەيھىسسالام كېلىپ:

— ئەي يۈسۈپ، بۇ قانداق ئىش؟ ئاتاڭ پىيادە كېلىۋاتسا، سەن ئاتلىق كېتىپ بارىسەن! — دېدى.

— ۋىسالىنىڭ خۇشاللىقىدا ئۇنتۇپ قاپتىمەن، — دېدى يۈسۈپ ئەلەيھىسسالام ۋە دەررۇ ئاتتىن چۈشتى، ھەممە خەلق پىيادە بولۇشتى. ئاتا — ئوغۇلنىڭ كورۇشۇش ۋاقتى يېتىپ كەلدى. بۇ ئىككى غەمدە ئېزىلگەن، زۇلۇم بىلەن باغرى يارا بولغانلار بىر — بىرىگە خۇددى باش باھار يامغۇرىدەك قىي-

مەتلىك گوھەرلىرىنى چېچىشتى. بۇ ئىككى ھىجران ئوتىغا چۆمۈلگەن ۋە يىراق يۇكىدە نازۇك قەددى ئېگىلگەنلەر بىر-بىرىگە يېپىشىپ، مۇبارەك قوللىرىنى بىر - بىرسىنىڭ بويۇنلىرىغا سېلىپ، گاھى يىراق دەشتىدە زۇلۇم - سىتەم تارتقانلىرىغا ھۇشلىرىدىن كەتتى، گاھى يىراق يۇكىدىن ۋە ھىجران ئەلىمىنىڭ يالقۇنلۇق زىندان ئوتىدىن خالاس تاپقىنىغا شادۇ - خورام بولۇپ، نەچچە سائەتلەپ مەس بولۇپ قېلىشاتتى.

بۇ ھالنى ئالەم مالائىكىلىرى تاماشا قىلاتتى. جەبرائىل ئەلەيھىسسالام تاۋاقلاردا نۇرلار ۋە جاۋاھىرلارنى كەلتۈرۈپ باشلىرىدىن چاچاتتى. جەننەتنىڭ بارلىق ھور - غىلمانلىرى جەننەتنىڭ كۆڭگۈرىسىدىن قاراپ تاماشا قىلىشاتتى. مالائىكىلەر ھەيرانلىق بىلەن تەپەككۇر قىلىشقان ھالدا: «ئىلاھا خۇداۋەندا، جاھاندا مۇشۇ ئاتا - ئوغۇلدەك بىر - بىرىگە مەھرى-مۇھەببەتى زىيادە كىشى بارمىدۇ؟ دەپ سورىدى. شۇ ئان ئاللاتائالادىن: «ئەي مالائىكىلەر، تېخى ئاخىر زاماندىكى دوستۇم مۇھەممەتنىڭ ئوزىنىڭ ئاسىي ئۈممەتلىرىگە بولىنىڭدىن 70 مىڭ ھەسسە ئارتۇق مۇھەببەتى بارغۇ» دەپ نىدا كەلدى. ياقۇپ ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىززەت - ھۆرمەتى بارلىق خەلققە مەلۇم بولدى. ئۇلار بىرلىكتە يۇسۇپ ئەلەيھىسسالامنىڭ چېدىرىغا كىررىشتى. شۇ چاغدا يۇسۇپ ئەلەيھىسسالامنىڭ تاغا ئىنكىچىسى ياقۇپ ئەلەيھىسسالامنىڭ نىكاھىدا ئىدى. يۇسۇپ ئەلەيھىسسالام ياقۇپ ئەلەيھىسسالام بىلەن تاغا ئىنكىچىسىنى تەختكە چىقاردى. ئاتىسى تاغا ئىنكىچە ۋە ئون بىر ئوغۇل بىلەن بىللە يۇسۇپ ئەلەيھىسسالامغا سەجدە قىلدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com

— ئەي ئاتا، — دېدى يۈسۈپ ئەلەيھىسسالام، — كەنئاندا ئاي ۋە كۈن بىلەن ئون بىر يۇلتۇز ماڭا سەجدە قىلدى، دېگەن چۈشۈمنىڭ تەبىرى مۇشۇ ئىكەن — دە.

ئەسلىدە مەخلۇققا سەجدە قىلىش راۋا ئەمەس، ياقۇپ ئەلەيھىسسالامنىڭ ئوغۇللىرى بىلەن بىللە يۈسۈپ ئەلەيھىسسالامغا سەجدە قىلىشتىكى سەۋەپ نېمە؟

ئۇلارنىڭ قىلغىنى سەجدە تەھەييەت ئىدى. سەجدە 4 تۈرلۈك بولىدۇ: سەجدە ئىبادەت؛ سەجدە سەھۋە؛ سەجدە تىلاۋەت؛ سەجدە تەھەييەت. سەجدە ئىبادەت — ئاللا تائالادىن ئۆزگىگە راۋا ئەمەس. سەجدە سەھۋە — نامازدا سەھۋەنىڭ يۈز بەرگەندە قىلىنىدۇ. سەجدە تىلاۋەت — قۇرئاندا 14 يەردە كېلىدۇ. سەجدە تەھەييەت — هۆرمەت بىلدۈرۈش سەجدىسى بولۇپ، ئۇلۇغ كىشىلەرگە قىلىنىدۇ. ياقۇپ ئەلەيھىسسالامنىڭ يۈسۈپ ئەلەيھىسسالامغا قىلغىنى سەجدە تەھەييەت ئىدى.

ئۇندىن كېيىن ياقۇپ ئەلەيھىسسالام يۈسۈپ ئەلەيھىسسالامدىن بېشىدىن ئۆتكەن ۋەقەلەرنى سورىدى. يۈسۈپ ئەلەيھىسسالام بارلىق ئەھۋالنى بىرمۇ — بىر بايان قىلدى. لېكىن، ئاكىلىرىنىڭ ئۇرغان، قۇدۇققا تاشلىغان، مالىك زىغرىغا قۇل قىلىپ ساتقانلىرىنى ئاتىسىغا ئېيتمىدى. چۈنكى، ئاكىلىرى ئۇيياتمىسۇن، ئاتامنىڭ ئاكىلىرىمدىن كۆڭلى سۇۋۇمىسۇن، دەپ ئويلىدى. شۇندىن كېيىن ياقۇپ ئەلەيھىسسالام مېھمانلار بىلەن بىللە شەھەرگە قاراپ يولغا چىقتى. يولدا جەبرائىل ئەلەيھىسسالام كېلىپ:

— ئەي يۈسۈپ، ئاغزىڭنى ئاچقىن، دېدى. يۈسۈپ ئەلەيھىسسالام ئاغزىنى ئېچىش بىلەنلا 10 پارچە ئاق نۇر ئاغزىدىن چىقىپ كەتتى. يۈسۈپ ئەلەيھىسسالام:

— ئەي ئاللا تائالانىڭ خەۋەرچىسى، ئاغزىمدىن چىقىپ كەتكەن نەرسە نىمە؟ — دەپ سورىدى.

— سېنىڭ ئوغۇللىرىڭ پەيغەمبەر بولاتتى، ئاتاڭغا بىھۇرمەتلىك قىلغانلىقىڭ سەۋەبىدىن ئوغۇللىرىڭ پەيغەمبەرلىكتىن مەھرۇم بولدى، — دېدى جەبرائىل. يۈسۈپ ئەلەيھىسسالام كۆپ ئەپسۇسلاندى ۋە ھەسرەت — نادامەت چەكتى، لېكىن پايدا بەرمىدى.

ئۇندىن كېيىن ئۇلار يەنە بىر ئاز يول ماڭغان ئىدى، شاھ رويان ئاتقا مىنگەن ھالدا ئالدىدىن چىقىپ كەلدى ۋە ئاتتىن چۈشۈپ ياقۇپ ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۆزەڭگىسىنى بوسە قىلدى.

بەزى رىۋايەتلەردە ئېيتىلىشىچە، يۈسۈپ ئەلەيھىسسالام ئاتىسى بىلەن ئات ئۈستىدە كۆرۈشتى، دېيىلگەن. ئۇنىڭ ئاتتىن چۈشمىگەنلىكىگە ئۈچ سەۋەپ بار ئىكەن:

بىرىنچىسى، ئاتىسىنى تونىمىغان؛ ئىككىنچىسى رويان شاھ بىللە بولۇپ، ئاتتىن چۈشمەڭ، دېگەن؛ ئۈچىنچىسى، ياقۇپ ئەلەيھىسسالام ئۆزى ئاتتىن چۈشمىگىن دېگەن ئىكەن، دېيىلىپتۇ.

*

شۇنداق قىلىپ ياقۇپ ئەلەيھىسسالام شەھەرگە يېتىپ كەلدى. قارىسا شەھەر كوچىلىرى بەكمۇ پاكىزە تازىلانغان، ھەر قايسى سۇپىلاردا بۇلبۇللار سايراپ، خۇش ئاۋاز ھاپىزلار قارشى ئېلىش يۈزىسىدىن شېئىرلار ئوقۇپ، سازەندىلەر نەغمە — ناۋا قىلىپ تۇراتتى.

شۇنىڭ بىلەن ئاخىرى 40 يىللىق پىراق دەردى ۋە ئىشتىياق

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئۇنى پايانىغا يەتتى. ئۇلار دەبدەبە، ئەسئەسە بىلەن يۇسۇپ ئەلەيھىسسالامنىڭ بارگاھىغا يېتىپ كەلدى. يۇسۇپ ئەلەيھىسسالام ئاتىسى بىلەن تاغا ئېكىچىسىنى تەختكە ئولتۇرغۇزدى. شۇندا ياقۇپ ئەلەيھىسسالام:

— ئەشۇ كۈنى ئاكىلىرىڭ سېنى ئېلىپ كېتىپ ساڭا نىمە ئىشلارنى قىلدى؟ — دەپ سورىدى.

— ئەي ئاتا، مەندىن بۇنى سورىمىسىلا، — دىدى يۇسۇپ ئەلەيھىسسالام، — ئۇ ۋەقەنى مەن كىشىگە ئىزھار قىلمايدىغان بولغان. ئەمما زىنداننىڭ قاتتىقلىقىنى بايان قىلىپ بېرەي، بويىنۇمغا تاقاق، قولۇمغا زەنجىر، پۇتۇمغا قولۇپلۇق ئىشكەل سالدى. ئۈستۈمگە ئەسكى چەكمەن كەيدۈردى. بەكمۇ تار يەردە ئولتۇرغۇزدى، ئۇيقۇم قاچتى. كۆزلىرىمدىن ياش باھارنىڭ يامغۇرىدەك ياشلار ئېقىپ، ئەشۇ تارجاينى ئانار گۈلىدەك قىلدى. گاھى ھوشۇمدىن كېتەتتىم، گاھى ھوشۇمغا كەلگەندە: «كاشكى مۇشۇ زەئىپ ھالىمدىن ئاتام خەۋەردار بولسا ئىدى، ھەزرىتى ھەق سۇبھانى ۋە تائالادىن تىلەپ، بۇنداق قاتتىق كۈنلەردىن خالاس قىلغان بولاتتى» دەپ يىغلايتتىم.

يۇسۇپ ئەلەيھىسسالام ئۆزىنىڭ تارتقان مېھنەت- مۇشەققەتلىرىنى بىرمۇ- بىر بايان قىلدى. ئۇنىڭدىن كېيىن زۇلەيخا كېلىپ ياقۇپ ئەلەيھىسسالامغا ھۆرمەت تازىمى بىجا كەلتۈردى. يۇسۇپ ئەلەيھىسسالام ئۇنى ئاتىسىغا كۆرسەتكەندىن كېيىن، ياقۇپ ئەلەيھىسسالام زۇلەيخاغا جاۋاپ سالام بەردى.

ئاتىسىنى مېھمان قىلىپ بولغاندىن كېيىن، يۇسۇپ ئەلەيھىسسالام پۈتۈن مىسىر خەلقىنى جامەگە يىغدۇردى ۋە ئاتىسىنى ئىززەت- ئىكرام

بىلەن ئېلىپ كىردى. مىسىر خاتىپى خۇتبە ئوقىدى. ھەممەيلەن دۇئا ۋە دۇرۇت ئوقۇغاندىن كېيىن، يۇسۇپ ئەلەيھىسسالام خەلقلەردىن سورىدى:

— ئەي مىسىر خەلقى، سىلەر كىمسىلەر؟ مەن كىم بولىمەن؟

— ئەي پادىشاھ، سىز بىزنىڭ پادىشاھىمىز! بىز چوڭ - كىچىك ھەممىمىز سىزنىڭ قۇلىڭىزدۇرمىز، - دەپ بىردەك ئاۋاز بىلەن ۋاقىراشتى بارلىق مىسىر ئەھلى.

— ئەي خالايىقلار، بىلىڭلار ۋە ئاگاھ بولۇڭلاركى، بۇ ياشانغان پەيغەمبەر مېنىڭ بۇزرۇكۋارىم ئاتام بولىدۇ، بۇ پەرزەنتلىرىنىڭ ھەممىسى مېنىڭ قېرىنداشلىرىدۇر، بۇلارنىڭ قەدەملىرىنىڭ ھەققى - ھۆرمىتىدىن ھەممەڭلارنى ئازات قىلدىم، مال - مۈلكۈڭلارنىڭ ھەممىسىنى ئۆزەڭلەرگە بەردىم، - دېدى يۇسۇپ ئەلەيھىسسالام.

ھەممەيلەن خوشاللىقتا غۇلغۇلا قىلىشىپ كەتتى. مىسىر خەلقى ياقۇپ ئەلەيھىسسالامنىڭ بۇنداق ئۇلۇغلىقىنى بىلىپ، شۇ ھامان ئىمان ئېيتىپ، مۇسۇلمان بولۇپ: «لائىلاھە ئىللەللا ياقۇپ ئىسرائىلىللا» - دېدى.

*

ئەتىسى رويان شاھ بارلىق مىسىركاتتىلىرى بىلەن بىللە ياقۇپ ئەلەيھىسسالامغا سالام بەرگىلى كەلدى.

ئەسلىدە يۇسۇپ ئەلەيھىسسالام زىنداندىن چىقىپ رويانىنىڭ ئالدىغا كەلگەندە، رويان ئوردىسىنىڭ ئالدىغا قىزىل ئالتۇندىن بىر تۇگمەن تېشى قويدۇرۇپ قويغان ئىدى، ئېغىرلىقى 500

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

پاتمان كېلەتتى. بۇ قېتىم رويان كەلگەندە، ئالدىدىراق بېرىپ كۆرۈشەي دەپ كېلىۋېتىپ تاشقا پۇتلىشىپ كەتتى، كۆرۈشۈپ بولغاندىن كېيىن، يۈسۈپ ئەلەيھىسسالام ئۇ تاشنى كوتىرىپ يىراققا تاشلىۋەتتى. رويان شاھ يۈسۈپ ئەلەيھىسسالامنىڭ بۇنداق كۈچ - قۇدرىتىنى كۆرۈپ ھەيران قالدى. ئۇ، يۈسۈپ ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاكىلىرىنى كۆرگەندىن كېيىن سورىدى:

— ئاكىلىرىڭىز كۈچلۈك كىشىلەرمۇ؟

— ئىمتىھان ئېلىپ كۆرۈپ باقسىڭىز بولىدۇ، - دېدى يۈسۈپ ئەلەيھىسسالام.

رويان شاھ ئۇلارنى ئوۋغا ئېلىپ چىقتى. ئوۋدا شەمئۇن بىر يولۋاسنى تىرىك تۇتۇپ ئېلىپ كەلدى. روبىل بىر يولۋاسنى تاش بىلەن ئۇرۇپ ئۆلتۈردى. لاۋىيە مىنىڭ پاتمان تاشنى بىر قولى بىلەن ھاۋاغا ئېتىۋېتىپ يەنە بىر قولى بىلەن تۇتۇۋالدى. شۇ تەرىقىدە ھەر بىرسى بىردىن كارامەت كۆرسەتتى. رويان شاھ ئاپىرىن - تەھسىن ئوقىدى ۋە كېلىپ يۈسۈپ ئەلەيھىسسالامغا:

— ئاكىلىرىڭىزغا ئېيتىڭ، ماڭا بىر يۇرت ئېلىپ بەرسۇن، - دېدى.

يۈسۈپ ئەلەيھىسسالام ئۇلارغا ئېيتقاندا، ئۇلار ئاتىلىرىدىن رۇخسەت ۋە دۇئا ئېلىپ، ھەر قايسىسى مىڭدىن كىشى بىلەن جەمئى ئون مىڭ ئەسكەرگە باشچىلىق قىلىپ رۇمغا يۈرۈش قىلدى. شام بىلەن رۇم ئارىسىدا ئون بىر قورغان بار ئىدى، ھەممىسىنى ئالدى. ئۇندىن كېيىن كېلىپ رويان شاھقا:

— يەنە قايسى تەرەپتە دۈشمىنىڭىز بولسا يەرق قىلايلى، - دېگەن ئىدى، رويان شاھ:

— ئەمدى مەن قېرىدىم، ماڭا يۇرت، ۋىلايەت كېرەك ئەمەس، ئالغان شەھەرلىرىڭلارنى ئۆزەڭلەرگە بەردىم، — دېدى.

شۇندىن كېيىن ياقۇپ ئەلەيھىسسالامنىڭ ئوغۇللىرى ھەر قايسىسى بىردىن ھاكىم بولدى. بەنى ئىسرائىل قەۋمى ئۇلارنىڭ ئەۋلادلىرىدۇر.

*

زۇلەيخا يۇسۇپ ئەلەيھىسسالام قىلدۇرۇپ بەرگەن بەيتىل ئىبادەتخانىدا ئىبادەت قىلاتتى. يۇسۇپ ئەلەيھىسسالام كىرىپ شېرىن سۆزلەر بىلەن ئۇنىڭ غۇنچىلىرىنىڭ تۈگۈنچەكلىرىنى ئاچماقچى بولسىمۇ ئىلتىپات قىلمايتتى، بىر كۈنى زۇلەيخا ئىبادەتخانىسىدا تائەت قىلىۋاتاتتى، يۇسۇپ ئەلەيھىسسالام كېلىپ خېلى ئۇزاق ساقلىسىمۇ ئىبادىتى تۈگىمىدى. ئاخىرى بولماي ئىشىكنى بۇزۇپ كىرىپ زۇلەيخاغا يېقىنلاشتى، زۇلەيخا قاچقان ئىدى، يۇسۇپ ئەلەيھىسسالام ئارقىسىدىن قول سالدى. زۇلەيخانىڭ ياقىسى يىرتىلدى. شۇ زامان بىر پەرىشتە كېلىپ يۇسۇپ ئەلەيھىسسالامغا: «ئەي يۇسۇپ، ئەمدى بىر - بىرىڭلاردا ھەققىڭلار قالمىدى، زۇلەيخا سىزنىڭ دەردى - پىراقىڭىزدا ياقىڭىزنى يىرتقان ئىدى، سىزمۇ ئۇنىڭ مۇھەببىتىدە ياقىسىنى يىرتتىڭىز» دېدى. شۇندا ھەق تائالا دەرگاھىدىن: «ھەر كىم ھاجىتىنى مېنىڭ دەرگاھىمغا كەلتۈرسە، زۇلەيخادەك مۇرادىنى تاپقۇسىدۇر» دېگەن نىدا كەلدى.

*

ياقۇپ ئەلەيھىسسالام بارلىق ئەھلى - ئەۋلادى بىلەن ياخشىلىق ۋە ئىززەت ئىچىدە راھەت - ھالاۋەت بىلەن 40 يىل

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

ئۆمۈر كۆچۈردى، ئۇنىڭ كۈندىن - كۈنگە ئىززىتى ئېشىۋەردى. بىر كۈنى جەبرائىل ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا ۋەھيى كەلتۈرۈپ: «ئەمدى شامغا يانغىن، بۇ مىسىر دېگەن مەملىكەت خەيباز ۋە پىرئوننىڭ ماكانىدۇر، ئۆمرۈڭ ئاخىرىغا يەتتى، ئەۋلات - ئەجدادلىرىڭغا ئۇلانغىن» دېدى. بۇ گەپنى ئاڭلىغان ياقۇپ ئەلەيھىسسالام يۇسۇپ ئەلەيھىسسالامدىن ئىجازەت سورىدى. يۇسۇپ ئەلەيھىسسالام ئۇنىمىغان بولسىمۇ، ئاخىرى نائىلاج رۇخسەت بەردى. «مەنمۇ بارسام بولارمىكىن» دېگەن ئىدى، ياقۇپ ئەلەيھىسسالام:

— سىزنىڭ بېشىڭىزدا بىر مەملىكەتنىڭ ئىشى بار ئىكەن، لېكىن يەنە كۆرۈشەمىزمۇ - يوق، خۇدا بىلىدۇ، ئوغلۇم ھەركەت قىلىڭ، پۈتۈن ئۆمرىڭىز مىسىردا ئۆتۈپ كەتمىسۇن، بۇ، خەيباز زالىمنىڭ ئورنى، بالىنىڭ تۇپرىقى دېگەن ئاتا-ئانىنىڭ ئايىغىدا بولىدۇ، - دەپ جاۋاپ بەردى.

ياقۇپ ئەلەيھىسسالامنىڭ باشقا ئوغۇللىرى: «ئاتىمىز مىسىردىن قايتىپ كەتكەندىن كېيىن يۇسۇپ بىزگە جازا بېرەرمۇ» دەپ گۇمان قىلىپ، ئاتىلىرىغا بۇ سۆزنى ئېيتقان ئوخشايدۇ. ياقۇپ ئەلەيھىسسالام ئۇلارنىڭ سۆزىنىمۇ يۇسۇپ ئەلەيھىسسالامغا يەتكۈزۈپ قويدى. ئاندىن كېيىن مەھەللە - ئەۋلادى بىلەن ۋىدالىشىپ، شام تەرەپكە راۋان بولدى. لاۋىيە، يەھۇدا، شەمئۇن ئاتىسىنىڭ خىزمىتىنى قىلىپ كەتتى. باشقىلىرى مىسىردا قالدى. ياقۇپ ئەلەيھىسسالام ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ قەۋرىسىنىڭ قېشىغا كېلىپ بىر نەچچە كۈن تۇرغان ئىدى، جان ئالغۇچى پەرىشتە كېلىپ ئۇنىڭ روھىنى بەدەن قەپىزىدىن پەلەك

ئالەمگە ئەۋەتتى. ئوغۇللىرى ھەيرانلىق بىلەن ئۇنىڭ جەسىدىنى كېپەنگە ئوراپ، ئەجداتلىرىنىڭ قەۋرىستانلىقىغا دەپنە قىلىپ، ئۇ يەردە بىر نەچچە كۈن تۇرۇپ يەنە مىسىرغا قايتىپ كەلدى.

*

بىر كۈنى يۈسۈپ ئەلەيھىسسالام ئاتا - بوۋىلىرىنىڭ قەۋرىلىرىنى زىيارەت قىلىشنى ئويلاپ، تاشقىرىغا چىقسا بىر ئات توقۇغلۇق تۇرۇپتۇ. شۇ چاققىچە بۇنداق ئاتنى ھېچكىم كۆرۈپ باقمىغان ئىدى. ئۇ ئات: «مەن نەچچە ۋاقىتتىن بېرى جەننەتتە ئىدىم، ماڭا مىنگىن، مەن سېنى ئەجداتلىرىڭنىڭ قېشىغا ئاپىراي» دېدى. يۈسۈپ ئەلەيھىسسالام ئاتقا مىنگەن ئىدى، ئۇ ئات كۆزنى يۇمۇپ ئاچقىچە ئۇنى بىر يەرگە ئېلىپ كەلدىكى، ئۇ يەردىن ياخشىراق ۋە گۈزەلرەك يەرنى تېخى ھېچكىم كۆرمىگەن بولغىيدى! ئۇ يەردە 3 مۇنبەر بولۇپ، بىرىدە ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام، بىرىدە ئىسھاق ئەلەيھىسسالام، بىرىدە ياقۇپ ئەلەيھىسسالام ئولتۇرغان ئىكەن. ئۇلارغا سالام قىلغان ئىدى، ھەممىسى جاۋاپ سالام بېرىپ، ئۇنى سۆيۈپ تۇرۇپ: «ئەي ئوغلۇم، سەن قايتقىن، سېنىڭ تېخى ئۆمرۈڭ بار، سەن بېرىپ مۆمىن - مۇسۇلمانلارغا بىزنىڭ سالىمىمىزنى يەتكۈزگىن» دېدى. يۈسۈپ ئەلەيھىسسالام يەنە شۇ ئاتقا مىنىپ ئىلگىرىكى جايىغا قايتىپ كەلدى. ئۇنىڭ يۈزىگە ئىلاھى نۇر ئورنىغان ئىدى. ھەممە خەلق ئۇنى كۆرۈپ بەكمۇ ئەجەبلەندى. يۈسۈپ ئەلەيھىسسالام شۇندىن كېيىن پادىشاھلىق تاجىنى كەيمەي، نىل دەرياسىنىڭ لىۋىگە جاي ناماز سېلىپ، تائەت - ئىبادەتكە مەشغۇل بولدى،

ئاللاتائالاغا: «ئەي پەرۋەردىگارىم، مېنى كاتتا يۇرتقا پادىشاھ قىلدىڭ، ئىلمى ھىكمەت بېرىپ، چۈش تەبىرىنى كارامەت قىلدىڭ، پەيغەمبەرلىك لىباسىنى كەيدۈردۈڭ. بىلدىمكى، بۇ ئالەمنىڭ باقاسى① يوق ئىكەن، مېنىڭ دۇئايىمنى ئىجاۋەت قىلغىن، بۇ ئالەمدىن مېنى مۇسۇلمانلىق بىلەن كەتكۈزگىن. ئەۋلات - ئەجداتلىرىمنىڭ سوھبىتىنى كارامەت قىلغىن» دەپ مۇناجات قىلدى. شۇ سائەتتە جەبرائىل ئەلەيھىسسالام كېلىپ: «ئەي يۇسۇپ سىددىقۇللا، ئالەمنىڭ خۇداسى سىزگە سالام ئەۋەتتى. ئۆمرىڭىزدىن 3 كۈن قالدى. ئاخىرەت ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللانغىنىڭىز ياخشىراق» دىدى. شۇ كۈنى كېچىدە ئۇ ئىسھاق ئەلەيھىسسالامنى چۈشىدە كوردى. ئىسھاق ئەلەيھىسسالام جەننەتكە لايىق لىباس، بېشىغا بېزەلگەن تاج كەيگەن، بېلىگە ئىسمىل كەمەر باغلىغانمىش ۋە: «ئەي يۇسۇپ سىددىقۇللا، 3 كۈندىن كېيىن بىز دىدار كورۇشىمىز» دەۋاتقانمىش. يۇسۇپ ئەلەيھىسسالام ئويغۇنۇپلا ئىبادەتكە مەشغۇل بولدى. 3 كۈندىن كېيىن ئۆلۈم پەرىشتىسى كېلىپ: «ئاتا - بوۋىلىرىڭىز سىزگە ئىنتىزار بولۇپ قالدى» دەپ ئۇنىڭ روھىنى ئېلىپ كېتىشكە تۇتۇش قىلدى. شۇ چاغدا يۇسۇپ ئەلەيھىسسالام ئاكىلىرىنى چاقىرتىپ كېلىپ ۋىدالاشتى. يەھۇدانى ئۆز ئورنىغا پادىشاھ قىلىپ قويدى. ئاندىن كېيىن ئېزىز جېنىنى بەردى. جەبرائىل ئەلەيھىسسالام 3 توپ ھېرىرە ئەپكىلىپ كېپەن قىلدى. زۇلەيخانىڭ ئىبادەتخانىسى شەھەردىن 4 پەرسەڭ يىراقلىقتا ئىدى، ئۇنىڭغا خەۋەر قىلدى، زۇلەيخا يالاڭۋاش، يالاڭ ئاياق ھالدا يۈگۈرۈپ يېتىپ كەلدى ۋە يۇسۇپ ئەلەيھىسسالامنىڭ تاۋۇتىنى قۇ-

① باقاسى — ئەبەدىلىكى دىگەن مەنىدە — م

چاغلاپ، يۈزىگە يۈزىنى سۈرتۈپ، كۆزلىرىگە سۈيۈپ تاۋۇتقا سالدى ۋە: «نەچچە يىللار يۈسۈپ سىددىقۇللانىڭ پىراق دەردى، ئىشتىياق ئوتىدا يىغلاپ قارىغۇ بولغان كۆزلىرىم ئۇنىڭ دۇئاسى بىلەن ئېچىلغان ئىدى. يۈسۈپۈمدىن جۇدا بولغاندىن كېيىن، بۇ يۈزۈمنى ھېچكىم كۆرمەسۇن ئىدى» دەپ يىغلاپ، نالە - زارى ھەددىدىن ئاشتى. ئۇ، ھاجەتلەرنى راۋا قىلغۇچى قازىنىڭ دەرگاھىغا مۇناجات قىلىپ: «ئىلاھا، غوجىمىز ئوزەڭ، ئۆزەڭگە مەلۇم، پىراق يۈكىنى كۆتىرىشكە ماجالىم يوق، مېنىڭمۇ روھىمنى تېنىمدىن چىقىرىپ، يۈسۈپ سىددىقۇللانىڭ سوھبىتىگە داخىل قىلغىن» دەپ دۇئا قىلدى. ئۇنىڭ دۇئاسى ئىجاۋەت بولدى. جان ئالغۇچى پەرىشتە كېلىپ، ئۇنىڭ روھىنىمۇ غايىپ ئالەمگە ئەۋەتتى. ئۇ، يۈسۈپ ئەلەيھىسسالامنىڭ تاۋۇتىغا قاراپ ئولتۇرغان يېرىدە ھەقتە جان تەسلىم قىلدى. ئىككىيلەنىنىڭ نامىزى بىللە ئوقۇلۇپ، كەنئانغا ئېلىپ بېرىلىپ دەپنە قىلىندى. ئۇلارنىڭ ئەھلى - ئەۋلادى بىر بېلەك، پۈتۈن مىسىر خەلقى بىر بولەك ماتەم تۇتۇشتى.

بىلمەك كېرەككى، ھېچبىر جان ئىگىسى ئەجەل شەرۋىتىنى تېتىماي ئامان تاپماس، ئەي يارانى ئېزىز!

يۈسۈپ ئەلەيھىسسالام قىسسىسىنىڭ ئەۋۋىلى مېھنەت - مۇشەققەت، ئوتتۇرىسى بەختۇ - دولەت. باشقا پەيغەمبەرلەرنىڭ قىسسىلىرىنى × × × پەيغەمبەرنىڭ قىسسىسى دېيىلىدۇ. ئەمما بۇ يۈسۈپ ئەلەيھىسسالامنىڭ قىسسىسى ئەھسەنۇل قەسەس ① دەپ ئاتىلىدۇ. بۇ قىسسە مانا شۇ تەرىقە قۇرئاندا «سۈرە يۈسۈپ» بولۇپ بايان قىلىنغاندۇر.

---

① ئەھسەنۇل قەسەس — قىسسەلەرنىڭ ياخشىسى دېگەن مەنىدە — م.

www.uyghurkitap.com

**玉 斯 甫 和 祖 来 汗**

喀什维文出版社出版

新疆新华书店发行

新疆日报社印刷厂印刷

1982年 1 月第一次出版

1982年 9 月第一次印刷

印数：1——35,000

定价0.35元

统一书号：M10264·8

مۇقاۋىنى ئەبەيدۇللا مەھەممەت ئىشلىگەن
ئەبۇلقاسىم مەۋمەن

3

统一书号：M10 264·8
定　价：0.35元